دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

ئەسلى ئاپتورى: شېكىسپىر (ئەنگلىيە)

# ساھىبجامال مىسىر شاھى



مىللەتلەر نەشرىياتى

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

## ساھىبجامال مىسىر شاھى

مىسىرنىڭ ئايال شاھى دۆلىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن رىم سەردارى ئانتونى بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ. ئەپسۇسكى، ئانتونى ئوكتاۋىدىن يېڭىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدۇ. ئايال شاھ غۇرۇرىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆزىنى يىلانغا چاقتۇرۇپ ئۆلىۋالىدۇ.

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

ياشلار ئۈچۈن

ISBN 7-105-03059-3

9 787105 030590 >

ISBN 7-105-03059-3/I · 751
民文(维143)　定价：8.50元

ياشلار-ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن
تاللانغان دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەر

ئەسلى ئاپتورى: شېكىسپىر (ئەنگلىيە)

# ساھىبجامال مىسىر شاھى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت ئىمىن

مىللەتلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

埃圾艳后:维吾尔文/(英)/莎士比亚原著;胡白兰改写;艾合买提·伊明译。—北京:民族出版社,1998.9

ISBN 7-105-03059-3

Ⅰ.埃... Ⅱ.①莎...②胡...③艾... Ⅲ.儿童文学-故事-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I287.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字 (2165) 第 9 号

**责任编辑**:热沙来提·阿不拉
**责任校对**:沙吾提·沙拉伊丁
**封面设计**:刘家峰
**出版发行**:民族出版社　电话:010-64290862
**网　址**:Http://www.e56.com.cn
**社　址**:北京市和平里北街 14 号　邮政编码:100013
**排　版**:博海排版中心
**印　刷**:迪鑫印刷厂
**经　销**:各地新华书店
**版　次**:2001 年 9 月第 1 版　2001 年 9 月北京第 1 次印刷
**开　本**:850×1168 毫米　1/32
**印　张**:6
**印　数**:0001—3000 册
**定　价**:8.50 元

本书根据北京出版社 1996 年 9 月 1 日版第 1 次印刷版本翻译出版。
بۇ كىتاب بېيجىڭ نەشرىياتى 1996-يىل 9-ئايدا نەشر قىلغان 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر: رىسالەت ئابلا
مەسئۇل كوررېكتور: ساۋۇت سالاھىدىن
كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى: ياسىن مۇھەممەت

# ساھىبجامال مىسىر شاھى
## (دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر)

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
پوچتانومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64290862
نەشرىياتنىڭ ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ
تورى: http://www.e56.com.cn
تىزغۇچى: بوغدا ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزى
باسقۇچى: دىشىن باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
نەشرى: 2001-يىل 9-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى: 2001-يىل 9-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850×1168مم. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 6.125
سانى: 0001—3000
باھاسى: 8.50 يۈەن

# مۇقەددىمە

«ساھىبجامال مىسىر شاھى» دېگەن ئەسەردە تارىختا نۇرغۇن ئادەم بىلىدىغان مىسىرنىڭ گۈزەل ئايال پادىشاھى كلېئوپاترا توغرىسىدىكى ۋەقەلەر ھېكايە قىلىنغان.

بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى نامى «ئانتونى بىلەن كلېئوپاترا.» قولىڭىزدىكى بۇ كىتابچە مىسىرنىڭ ئايال پادىشاھى كلېئوپاترا بىلەن رىم باتۇرى ئانتونى توغرىسىدىكى شۇ تارىخىي داستانغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ يېزىلغان. داستاننىڭ ئاپتورى «قەھرىمان قەيسەر» (ئەسلى نامى: «ئىمپېراتور قەيسەر») ۋە «شاھزادىنىڭ ئۆچ ئېلىشى» (ئەسلى نامى: «خاملېت») قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان ئەنگلىيە دراماتورگى ۋە شائىر شېكىسپېر.

سىلەر بەلكىم شېكىسپېرنىڭ داڭقىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن. ئۇ 16 ـ ئەسىردە لوندون يېنىدىكى بىر كىچىك يېزىدا تۇغۇلغان. چوڭ بولغاندىن كېيىن لوندونغا كېلىپ تىياتىرچىلار ئۆمىكىدە خىزمەتچى بولغان، خىزمەت جەريانىدىكى بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ دراممىلارنى يازغان، بەزىدە سەھنىدە رولمۇ ئالغان. 1599 ـ يىلى ئوتتۇز بەش ياش چېغىدا تىياتىر ئۆمىكى تەشكىللەپ، دراممىلارنى ئۆزى يېزىپ، ئۆزى ئويناش بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن، كېيىنچە داڭقى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىپ، ئايال پادىشاھ ئېلىزابېتنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئويۇن كۆرسىتىش شەرىپى-

گىمۇ ئېرىشكەن .

شېكىسپىر 1616 ـ يىلى ئەللىك ئىككى يېشىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەڭ ئېسىل ئەسەرلەر قاتارىدا دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئوينالغان . بۈگۈنكى كۈندىمۇ شۇنداق ئوينىلىۋاتىدۇ .

«ساھىبجامال مىسىر شاھى» بىلەن «قەھرىمان قەيسەر» نىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى «بروداك باتۇرلىرى شەجەرىسى» دىن ئېلىنغان بولۇپ ، قولىڭىزدىكى بۇ ئەسەر «قەھرىمان قەيسەر»نىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ . قەيسەر ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئانتونى ئۇزۇن يىللىق دۇشمىنى بروتنى مەغلۇپ قىلىدۇ ، كەيىندىنلا ئوكتاۋى بىلەن بولغان ئارازلىق يۈز بېرىدۇ . ئانتونى كلېئوپاترا بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ ، ئاخىر ئىككىلىسى ئۆلۈۋالىدۇ .

شېكىسپىر ئەسەرلىرىنىڭ ۋەقەلىكى مۇرەككەپ ، قىزىقارلىق بولۇپ قالماستىن ، پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە . مەسىلەن ، ئوكتاۋى ئەقىللىق ، تەمكىن ، ئۆز مەقسىتىگە ھەرقانداق ئامال قىلىپ بولسىمۇ يېتىدىغان ئادەم ؛ ئانتونى تۆھپە يارىتىشقا ئامراق ، غايىلىك كىشى ؛ كلېئوپاترا مەغرۇر ، ئۆز سۆزلۈك ؛ ئوكتوۋيا كەمتەر . رايىش ··· سىز تۇرمۇشىڭىزدا بۇنداق خاراكتېردىكى ئادەملەرنى جىق ئۇچرىتىسىز . بۇ كلاسسىك ئەسەرنى ئوقۇغاندا ھەممىمىزنىڭ ھاياجانلىنىپ كېتىشىمىزدىكى سەۋەبمۇ بەلكىم مۇشۇ بولسا كېرەك .

# ● ئەسەردىكى پېرسوناژلار ●



**كلېئوپاترا:** ساھىبجامالىلىقى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان مىسىر پادىشاھى، سەلتەنەتلىك تۇرمۇشقا ئامراق، غۇرۇرى كۈچلۈك ئايال. ئۇ ئانتونىنىڭ سايىسىدا مىسىرنى گۈللەندۈرمەكچى بولغاندا ئانتونى ئوكتاۋدىن يېڭىلىدۇ. ئانتونى ئۆلۈۋالغاندىن كېيىن كلېئوپاترا ئۆزىنى زەھەرلىك يىلانغا چاقتۇرۇپ سەلتەنەتلىك ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.



**ئانتونى:** مىجەزى ئوچۇق، خىيالچان رىم سەردارى. پېرسىيىنى بويسۇندۇرۇش سەپىرىدە مىسىر پادىشاھى كلېئوپاترا بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالىدۇ، كېيىن ئوكتاۋى بىلەن بولغان جەڭدە يېڭىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ ۋە نىل دەريا ۋادىسىغا دەپنە قىلىنىدۇ.



**ئوكتاۋى:** رىم ئىمپېراتورى قەيسەر-نىڭ جىيەنى، دەسلەپتە لېپىدۇ، ئانتونىلار بىلەن رىمدا ئۈچ باشلىقلىق ھاكىمىيەت تەشكىل قىلىدۇ، كېيىن قارا نىيەتلىك قىلىپ، ئۇلارنى يوقىتىپ، رىمغا پادىشاھ بولىدۇ.



**ئوكتاۋيا:** ئوكتاۋىنىڭ ئاچىسى، سەممىي، ۋاپادار، گۈزەل ئايال؛ دەسلەپتە ئانتونى بىلەن سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلى توي قىلىپ، كېيىن ئۇنى ھەققىي ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، ئىنىسى بىلەن ئېرىنى ياراشتۇرۇش يولىدا نۇرغۇن جاپالارنى تارتىپ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.



**ئېنوبابا:** ئانتونىنىڭ سادىق مەسلىھەتچىسى. تەدبىرلىكلىكى بىلەن ئانتونىغا جىق خىزمەت كۆرسىتىدۇ. ئانتونى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن دۈشمەنگە ئەسىرگە چۈشىدۇ ۋە زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ.

# مۇندەرىجە


ئايال پادىشاھنىڭ ئەلچىسى ........................ 1
سۆسۈن رەڭ يەلكەن ........................ 3
ھەيۋەتلىك بارگاھ ........................ 8
سىرلىق مەملىكەت ........................ 14
ھامىلىق مەبۇدىسى يېش ........................ 22
ئەنسىرىگەن ئىش ........................ 26
ئاتلىنىش ........................ 29
رىمدا ........................ 33
مەسلىھەت ........................ 35
ئۈچ كاتتىۋاشنىڭ سۆھبىتى ........................ 41
يارىشىش ........................ 46
گەپ تارقىتىش ........................ 51
تىنچلىقنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ........................ 58
بۆلۈنگەن كۆڭۈل ........................ 62
تىنچلىق سۆھبىتى ........................ 65
رىمدىكى ئارام ئېلىش ........................ 70
پال ئېچىش ........................ 73
پېرسىينى بويسۇندۇرۇش جېڭى ........................ 76
دۈشمەن قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ........................ 79
مەلىكە ئوكتوۋيانىڭ مەۋقەسى ........................ 85

# مۇندەرىجە


هىلىگەر باشلىق ........................ 93
قارا يۈزلۈك قىلىش ........................ 98
مىسىر ئايال پادىشاھنىڭ غەزىپى ................ 99
ھەممە ئادەم ئۆز كويىدا ........................ 104
ئايال ئايغاقچى ........................ 107
مىسىرغا قانداق ھۇجۇم قىلىش كېرەك؟ ........... 113
جەڭنى قۇرۇقلۇقتا قىلىش كېرەكمۇ، دېڭىزدىمۇ؟ ... 118
شۇملۇق بېشارەتلىرى ........................ 122
ئايال پادىشاھنىڭ كېمىسى ................... 125
ئانتونىنىڭ قېچىشى ........................ 134
ئايال كىشىنىڭ كۆڭلى ........................ 141
جەڭگە ئاتلىنىش ........................ 145
ھەل قىلغۇچ جەڭ ........................ 149
دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى ........................ 156
ئايال پادىشاھنىڭ قالغان كۈنى ................ 160
نۇرلۇق يۇلتۇزنىڭ ئۆچۈشى ................... 166
مۇنار ئىچىدىكى ئايال پادىشاھ ................ 171
ئەنجۈر سېۋىتى ........................ 175
ئايال پادىشاھنىڭ ئۆلۈمى ................... 179

# ئايال پادىشاھنىڭ ئەلچىسى

—نېمە؟ مىسىرنىڭ ئايال پادىشاھى ئەلچى ئەۋەتىپتىمۇ؟ ياخشى، كىرسۇن! — دېدى رىم سەردارى مارك ئانتونى خەۋەر ئېلىپ كىرگەن ياساۋۇلغا. ياساۋۇل: «خوپ!» دېدى ـ دە، ئەلچىنى باشلاپ كىرىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

بۇ كىلىكىيادىكى بارگاھتا بولۇۋاتقان ئىش. كىلىكيا ھازىرقى تۈركىيەنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، مىسىر بىلەن ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. سەردار ئانتونى پېرسىيىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە بارگاھ قۇرغانىدى.

بىر ئازدىن كېيىن بۇغداي ئۆڭ، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان بىر مىسىرلىق ئەمەلدار بارگاھقا كىردى ـ دە:

—سەردار جانابلىرى، مەن مىسىرنىڭ ئايال پادىشاھى كلېئوپاترانىڭ ئەلچىسى سېشۇكا بولىمەن، — دېدى.

—ھە، ئەلچى، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئانتونى سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە سېشۇكا ئۇنىڭغا ئالى ئېھتىرام بىلەن جاۋاب بەردى:

—شاھىمىز مېنى سىزگە بولغان چەكسىز سادىقلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالدىڭىزغا ئەۋەتتى. ئەي، جاھاندا تەڭداشسىز سەردار جانابلىرى، شاھىمىز سىزگە بەك ئەقىدە قىلىدۇ. مۇبارەك دىدارىڭىزنى كۆرۈشكە، ئاغزىڭىزدىن باتۇرلۇق قىسسەلىرىڭىزنى ئاڭلاشقا تەشنا.

—شاھىڭىزنىڭ مۇددىئاسى شۇمۇ؟ — ئانتونى ئۇنىڭغا گۇمانلانغاندەك نەزەرىدە قارىدى.

ــــئەلۋەتتە، شۇنداق. بۇنىڭدا قىلچە ساختىلىق يوق. سەردار جانابلىرى، سىزنىڭ باتۇرلۇقتا تەڭداشسىز ئۇلۇغ سەردار ئىكەنلىكىڭىزنى مىسىردىكى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. جانابىڭىز قەيسەرنىڭ قاتىلى برۇتنى ئۆلتۈرۈپ قىساس ئالدىڭىز. قەيسەرنىڭ جىيەنى ئوكتاۋى ھەم لىپىدۇ بىلەن ئۈچ باشلىقلىق ھاكىمىيەت تۈرغۇزۇپ رىمغا ھۆكۈمرانلىق قىلدىڭىز. ھەممىمىزگە ئايانكى، ئۈچ باشلىقلىق ھاكىمىيەت جانابىڭىزسىز ھەرگىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

ــــسەندىن يەنە بىر سوراي، ئالدىمغا زادى نىمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟

سىپشۇكا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالدىغا ئېگىلىپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

ــــشاھىمىز سىزنىڭ ئۈچ ئېلىشىڭىزدىن ئەنسىرەيدۇ. مىسىر ئاجىز دۆلەت بولغاچقا، شاھىمىز كلېئوپاترا برۇت تەرەپتە تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ھەرگىز ئۆزى خالاپ قىلغان ئىش ئەمەس.

ئەسلىدە ئانتونى برۇتقا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، مىسىرنىڭ ئايال پادىشاھى برۇتنىڭ تەلپىگە ئاساسەن ياردەمگە لەشكەر چىقارغان. ئانتونى برۇتنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن پېرسىيىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى، كلېئوپاترا ئۇنىڭ مىسىرنىمۇ قوشۇپ ۋەيران قىلىۋېتىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ ئەلچىنى ئەۋەتكەنىدى.

ئانتونى سىپشۇكانىڭ قورقۇپ تولغۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە شۇنداق دېدى:

ــــمەن مىسىرنىڭ ئەلچىلىككە سەندەك رەزگى ئادەمنى ئەۋەتىشىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. خەير، بوپتۇ! ئەل بولمىز دەپ كەپسىلەر. ئەگەر بۇنى قىلمىغان بولساڭلار، مىسىرنى تۈپتۈز قىلىۋېتەتتىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئورنىغا چۈشكەن سىپشۇكا پېشانىسىدىكى سوغۇق تەرنى سۈرتۈۋېتىپ ئۇنىڭغا كەينى ـ كەينىدىن باش قويغىنىچە دېدى:

ــــمەزلۇم شاھىمىز سەردار جانابلىرىنىڭ مىسىرغا چىقىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بەرگەنلىكىنى ئاڭلىسا، خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا

يېتىدۇ. بۇ ئىلتىپاتىڭىز، بىز ئۈچۈن ... — ئۇ سەل كېكەچلەپ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئايال شاھىمىز ماڭا قايتا - قايتا تاپىلىغان. ئەگەر رەھىم - شەپقەتلىك سەردار جانابلىرى ئىختىيار قىلسا، دۆلىتىمىز سىزگە ھەر قاچان ئولپان تاپشۇرۇشقا تەييار. نېمە خالىسىلا شۇنى.

— ئولپان؟ بۇ چوڭ گەپ ئەمەس. بىز لازىم بولغاندا دەيمىز. پەقەت بىر ئىش ... — ئانتونى تۇيۇقسىز بىر نېمىنى ئويلاپ جىمىپ قالدى. مەغرۇرلۇقى بىلەن جاھانغا تونۇلغان كلېئوپاترانى ئالدىغا سالامغا كەلتۈرۈش خىيالى بىردىنلا كاللىسىغا كېلىپ قالغانىدى، — مۇنداق بولسۇن. ئۇنىڭغا ئېيت. كلېئوپاترا ئەگەر ھەقىقەتەن رىمغا سادىق بولسا، مېنىڭ ئالدىمغا سالامغا كەلسۇن!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سېشۇكانىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. نېملا دېگەن بىلەن، مىسىر بۈرۈن تەرەققىي قىلغان، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتلىك دۆلەت - دە. گەرچە ھازىر ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىگە چۇشلۇق غۇرۇرى بار. بۇنداق دۆلەتنىڭ شاھى ئۈچۈن بۇ بارگاھقا سالامغا كېلىپ يۈرۈشنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ خورلۇق ئەمەسمۇ!

— ھىم، شۇغىنىسى بۇ ئىش ...

— بۇ ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ دېمەكچىمۇ سەن؟ ئەگەر قىلغىلى بولمىسا، بىزنىڭ قىلغۇزىدىغان چارىمىز بار:

قورقىنىدىن سېشۇكانىڭ قارا چىرايىغا سېرىقلىق ئۆرلەپ كەتتى.

— ماڭ، بېرىپ بۇ گېپىمنى ئايال شاھىڭغا يەتكۈز.

ئانتونىنىڭ بۇ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ سېشۇكا كەينىگە شۇنداق تېز چېكىندىكى. ھولۇقىنىدىن ئۇڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى.

## سۆسۈن رەڭ يەلكەن

مىسىر - تۆت مىڭ يىللىق تارىخنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قەدىمكى دۆلەت. ئۇ يېڭى گۈللەنگەن رىم دۆلىتى باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن

ئۆزىنىڭ قەدىمكى سەلتەنىتىدىن جىق چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇچلۇق مۇنار، سېفىنكىس ۋە غايەت زور ئەل ئېھراملىرى بىلەن ھېلىھەم سىرلىق تۈسىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى.

كلېئوپاترا ئانتونىنىڭ كىلىكىيادىكى بارگاھىغا كېلىش توغرىسىدا ئۆزىگە بۇيرۇق قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، مۇشۇ باھانىدە مەنمەنچى ئانتونىغا مىسىرنىڭ بايلىقىنى نامايىش قىلىپ ئۇنىڭ كۆزىنى بىر ئېچىپ قويماقچى بولدى.

—سېھشۇكا، بوپتۇ، بارسام باراي، لېكىن تەييارلىق قىلىۋېلىپ بارىمەن.

سېھشۇكا ئايال پادىشاھنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ دەرھال ئانتونىغا چاپارمەن ئەۋەتتى. ئانتونى ئۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ كېلىشكە قوشۇلغانلىقىنى، لېكىن نېمىلا دېگەن بىلەن ئايال كىشى بولغانلىقتىن بەزىبىر سەرەمجانلىرنى پۈتتۈرۈپ ئاندىن كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھاياجانلاندى. باتۇرلۇقتا تەڭدىشى يوق بۇ سۇربەتلىك رىم سەردارى ئەمدى تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ يولىغا قاراشقا باشلىدى. ئۇ ھەر كۈنى:

—ئايال پادىشاھنىڭ كېمىسى كەلمىدىمۇ؟ — دەپ سورايتتى، ئادەملىرىنى دېڭىز بويىغا قاراپ بېقىشقا ئەۋەتەتتى. بىر كۈنى ئۇ تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرغاندا بىر ياساۋۇل ھاسىراپ - ھۆمىدىگىنىچە يۈگۈرۈپ كىرىپ:

—سەردار جانابلىرى، خۇش خەۋەر، كەلدى، ئايال پادىشاھنىڭ كېمىسى كەلدى! — دەپ مەلۇم قىلدى.

—نېمە؟ كەلدىما! —ئانتونى خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

پادىشاھ كلېئوپاترانىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان كىلىكىيانىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈش ئۈچۈن دېڭىز بويىغا كەلكۈندەك ئېقىپ كەلدى.

مىسىردىن چىقىپ ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئارقىلىق سىدنا دەرياسى قولتۇقىغا كىرگەن كېمىلەر بارگاھ تەرەپكە قاراپ ئۈزۈپ كەلدى. دېڭىز

بويىدىكى ئاتامان ۋە لەشكەرلەر ھەيرانلىقتىن توۋلىشىپ كەتتى:

ـــ ۋاھ، كېمىلەرنىڭ تاختايلىرى ئالتۇندىن ئىكەن!

ـــپالاقلىرى كۈمۈش ئىكەن، ئەنە!

ـــئەنە، يەلكەنلىرى سۆسۈن دۇردۇندىن ئىكەن!

ئادەملەر ھەربىر كېمە ئالدىدىن ئۆتكەندە تويماي ـ تويماي پۇراپ كېتىشتى. چۈنكى كېمىلەردىكى مۇشكى ـ ئەنبەرلەرنىڭ پۇراقلىرى دېڭىز شامىلىدا ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئايال پادىشاھ ئولتۇرغان كېمە كىشىلەرنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان ھەشەمەت بىلەن قىرغاققا يېقىنلاشتى.

گۈزەللىكتە دۇنياغا تونۇلغان ئايال پادىشاھ كلېئوپاترا كېمىدە تەمكىن تۇراتتى. بېشىدىكى سان ـ ساناقسىز دۇر ـ گۆھەرلەر بىلەن نەقىشلەنگەن ئالتۇن تاج، بوينىدىكى زۇننار، قوللىرىدىكى ياقۇت ئۈزۈك، ئالتۇن بىلەزۈكلەر كۆزنى قاماشتۇراتتى. شەھلا كۆزلىرى بىلەن ئالدىغا قاراپ تۇرغان ھالىتى ئۇنى تېخىمۇ لېۋەن ھەم لاتاپەتلىك كۆرسىتەتتى.

ئىككى ياندا چىرايلىق ئىككى كېنىزەك ئاجايىپ بېزەلگەن يوغان يەلپۈگۈچ بىلەن ئۇنى يەلپۈپ تۇراتتى. ساھىبجامال بېلىق قىياپىتىدە ياسانغان سەرخىل قىزلار نازۇك قوللىرى بىلەن پالاق ئۇرۇۋاتاتتى.

بۇ چاغدا بارگاھىدا يالغۇز قالغان ئانتونى ئۆزىچە غۇدۇڭشىيتتى:

ـــتوۋا ئايال پادىشاھنى كۆرىمىز دەپ، بىرىنىڭمۇ قالماي كېتىپ قالغىنىنى!

بىر ئازدىن كېيىن، ئانتونىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى كېلىپ ئۇنىڭغا ئايال پادىشاھنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. كەينىدىنلا ياساۋۇل كىرىپ، ئانتونىغا:

ـــئايال پادىشاھ سىزنى شۇ يەردە ساقلاپ قالدى، ـــ دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئانتونى:

ـــنېمە، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارامدىكەنمەن! ئۇ ماڭا پادىشاھلىق كېبىرىنى كۆرسەتمەكچىمىكەن تېخى! ـــ دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ياساۋۇل





ئانتونىنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ قورقىنىدىن دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇۋالدى. بىر ئازدىن كېيىن نېمىشقىدۇ ئانتونىنىڭ كاللىسىغا باشقىچە بىر ئوي كەلدى:

— ماقۇل، دېدى ئۇ، — بارسام باراي. ئۇ ئەزەلدىن ئاشۇنداق ئەركە ئۆگىنىپ قالغان قىز. بۇ تەرىپىنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ. بېرىپ ئېيتىڭلار، ئۇنىڭ سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن مەن ئالدىغا بارىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئادەملىرى يېنىك تىنىشتى.

## ھەيۋەتلىك بارگاھ

لەشكىرىي تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان ئانتونى يەنە شۇ سەردارلىق كىيىمىنى كىيىپ، شەمشىرىنى ئېسىپ پادىشاھ چۈشكەن جايغا يېتىپ باردى.

بۇ چاغدا كەچقۇرۇن بولۇپ قالغانىدى. كلېئوپاترانىڭ ئادەملىرى ئانتونىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن جىق پايپېتەك بولدى. مىسىرنىڭ بايلىقى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. كلېئوپاترانىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن بۇ يەردە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر بارگاھ قەد كۆتۈردى.

«ۋۇي، قالتىسقۇ! ھەش ـ پەش دېگۈچە، بۇلارنىڭ قىلىپ كەتكەن ھەشەملىرىنى قاراڭلار ...» ئانتونى بۇ ئىشقا ھەيران قالغان بولسىمۇ، لېكىن چاندۇرماي شاھ چېدىرىغا قاراپ ماڭدى. دەرۋازىدىن شاھ چېدىرىغىچە نەچچە يۈزلىگەن چىراغلار كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى. مىسىرچە كىيىنگەن كېنىزەكلەر، غولاملار يولنىڭ ئىككى چېتىدە قول باغلاپ تۇراتتى.

ئايال پادىشاھ چېدىرىنىڭ تۆردىكى قىزغۇچ سايىۋەنىنىڭ ئاستىغا ئىككى تەخت قويۇلغان بولۇپ، بىرىدە ئېسىل كىيىنگەن كلېئوپاترا ئولتۇراتتى. ئۇ ئانتونىنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال كۈلگىنىچە ئۇنى

چاقىردى:

ــــ ئەي رىمنىڭ سەردارى ـــ ئانتونى، بۇياققا كېلىپ ئولتۇرۇڭ!

ئانتونى قانچىلىك باتۇر بولۇپ كەتسىمۇ بەربىر رىمنىڭ ھاكىمى. قارشى تەرەپ بولسا پادىشاھ. ئۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭغا پادىشاھقا لايىق ھۆرمەت كۆرسىتىلىشى كېرەك. شۇڭا ئانتونى ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن سالام بەجا كەلتۈردى.

ــــ تىنچلىقمۇ، پادىشاھ ئالىيلىرى. سەپەر جەريانىدا چارچىمىغانسىز؟ ـــ ئۇ تىنچلىق سورىغاچ، پەلەمپەيدىن چىقىپ پادىشاھنىڭ قېشىدىكى تەختكە كېلىپ ئولتۇردى.

بۇ يەردىكىلەر قامەتلىك سەردار بىلەن لاتاپەتلىك ئايال شاھنىڭ يېقىن ئولتۇرغان ھالىتىگە قاراپ، ئىككىسىنىڭ خۇددى خان بىلەن خانىشتەك بىر ـ بىرىگە شۇنچە ماس كەلگەنلىكىگە ھەيران قېلىشتى.

تەخت ئالدىغا دەرھال يوغان بىر شىرە كەلتۈرۈلۈپ، ئۈستىگە گۈلدانلىرى بىلەن ئەتىرگۈل، نىلۇپەرگە ئوخشاش گۈللەر قويۇلدى. ئاندىن مۇلازىملار ھەرخىل نازۇ نېمەتلەرنى تىزىشقا باشلىدى. بۇنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ئانتونى كۆرۈپمۇ باقمىغانىدى. ئايال پادىشاھنىڭ ئەڭ ئامراق تامىقى ـــ تۇز تىلىدىن قىلىنغان شورپىمۇ كەلتۈرۈلدى. يەنە پارس چىلىنى ۋە تونۇر كاۋاپلىرىمۇ بار ئىدى. غۇلاملار، كېنىزەكلەر ئانتونىغا، كلېئوپاتراغا ئېسىل شارابلارنى توختىماي قۇيۇپ تۇراتتى.

ــــ قېنى، ئىچىڭ. جانابىڭىزنى تېتىپ باقسۇن دەپ بۇنى ئالايىتەن مىسىردىن ئالغاچ كەلدۇق. بۇ يۈز يىللىق شاراب قېنى، بەھۇزۇر ئىچىڭ!

پادىشاھنىڭ زورلىشى بىلەن ئانتونى بىر قەدەھ ئىچكەنىدى. مۇشۇ بىر قەدەھلا ئۇنى سىمابتەك ئېرىتىۋەتتى. ئۇ شېرىن كەيپچىلىكتە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچىۋېرىپ مەست ـ ئەلەس بولۇپ كەتتى.

ئىسرىقدانىدىن چىقىۋاتقان ئاجايىپ خۇش پۇراقلار ئانتونىنى خۇددى خىيالىي بىر جايغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇراتتى. ئايال پادىشاھنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئۇنىڭغا خۇددى گۈزەل مۇزىكىدەك ئاڭلىناتتى.

ــــ جانابىڭىزنى گىرىكلارنىڭ شاراب ئىلاھى باكاستەك شاراب كۆ-

تۇرىدۇ دەپ ئاڭلىدۇق. شۇ سۆز راست بولسا، بۇگۈن ئاخشام بىزگە ئۇبدان ئىچىپ بېرىسىز، ــــ دېدى كلېئوپاترا ئۇنى يەنە شارابقا زورلاپ.

ــــ ياق، مەن باكاس ئەمەس، گاجورىنىڭ ئەۋلادى. مەن شارابتىنلا ئەمەس، ھەممە ئىشتا مەرت، ــــ دېدى ئانتونى كۈلۈپ مۇشتىنى تۈگكىنىچە.

ــــ مانا، قالتىس! شۇ تاپتا بىز سېھىر ـ قۇدرەت ئىلاھى گاجورىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمىز. چىن گەپ، سىز مۇشۇ قۇدرىتىڭىز بىلەن چوقۇم كەلگۈسىدە دۇنياغا پادىشاھ بولىسىز.

ــــ مېنى مۇنداق ماختاپ ئۇچۇرماڭ.

ــــ بۇ ماختاپ ئۇچۇرغىنىم ئەمەس. كۆڭلۈمدىكى گەپنى دەۋاتىمەن. سىز بۈيۈك باھادىر قەيسەردىنمۇ قۇدرەتلىك.

ئانتونى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قەۋەتلا يايراپ كەتتى، لېكىن كلېئوپاترا بۇ سۆزنى مەقسەتلىك دېگەنىدى. ئۇنىڭ شاھلىق سالاپىتىنى قايرىپ قويۇپ كىلىكياغا كېلىشىمۇ، بۇ يەردە ئانتونىنى مۇشۇنداق كاتتا مېھمان قىلىشىمۇ پەقەت بىرلا ئىش ئۈچۈن، يەنى ئانتونىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ئۇنى مىسىرغا ھۇجۇم قىلغۇزماسلىق ئۈچۈنلا ئىدى.

ــــ سىزنىڭ پادىشاھ بولۇشىڭىزدا شەك ـ شۈبھە يوق ...

ــــ شەك ـ شۈبھە يوق؟ بۇنى نېمىگە ئاساسەن دەيسىز؟

ــــ ئاساسىم بار. ھېلى ئاڭلايسىز. ھوي، ئارابا قېنى؟ ئۇنى بۇ يەرگە چاقىرىڭلار.!

ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر چار ۋاش بوۋاي كىردى.

ــــ سەردار ئانتونى، بۇياق ھىندىستاندىن كەلگەن مۇنەججىم، يۇلتۇزلارغا قاراپ ھەرقانداق ئادەمنىڭ كەلگۈسىنى دەپ بېرەلەيدۇ. ئۇ ئۇن يىل بۇرۇنلا پال ئېچىپ سىزنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىڭىزنى بىلگەن، شۇنداقمۇ؟

ــــ شۇنداق! ــــ بوۋاي ئانتونىغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن سۆزلىدى، ــــ راست، مۇشۇ سەردار شۇ. ئۇ

دۇنياغا پادىشاھ بولىدۇ.

—ھوي، ئارابا، سەن خاتالاشتىڭ. بىزنىڭ رىم جۇمھۇرىيىتىمىزدە پادىشاھ بولمايدۇ. پادىشاھ بولمايدىغان دۆلەتتە مەن قانداق پادىشاھ بولىمەن؟

—قايسى ئەلگە پادىشاھ بولۇشىڭىز تېخى ئېنىق ئەمەس ... لېكىن چوقۇم پادىشاھ بولىسىز. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا يۇلتۇزلار بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ، زېمىن يەرگە چۈشكەن ساپال كوزىدەك كۇكۇم - تالقان بولغۇسى.

—مېنى تېخى دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىدۇ دەپ ئويلاپ - سەن — دە!؟

ئانتونى مۇنەججىمنىڭ گېپىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا خېلى خۇش بولدى. شۇڭا ئارابانى كۈمۈش بىلەن تارتۇقلاشنى ئۇنتۇمىدى.

ئانتونى پادىشاھ كلېئوپاترانىڭ رىمچە تىلنى خۇددى رىملىقلاردەك راۋان سۆزلەۋاتقانلىقىغا ئەمدى دىققەت قىلدى بولغاي، ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

—ئالىيلىرى، رىمچىنى نەلەردە يۈرۈپ مۇنداق چىرايلىق ئۆگىنىۋال- غان بولغىيتتىڭىز؟

پادىشاھ بۇ سوئالغا كۈلۈپ قويۇپلا جاۋاب بەرمىدى. كەيىندىنلا ئېفوپىيىلىك مۇلازىمنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېفوپىيە تىلىدا بىر مۇنچە سۆزلەشتى، ئاندىن يەھۇدى، ئەرەب، مىدىيە، كىلىكىيالىق مۇلازىملىرى بىلەنمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدا سۆزلەشتى. ئۇ ھەربىر مىللەتنىڭ تىلىنى خۇددى شۇلارنىڭ يۇرتلۇقىدەك راۋان سۆزلەيتتى، ئانتونى ئايال پادىشاھنىڭ ھەرقانداق دۆلەت ئەلچىسى بىلەن تىلماچ ئىشلەتمەي بىمالال سۆزلىشەلەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان، مانا ئەمدى بۇنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئۇنىڭغا چىن پۈتتى.

زىياپەت يېرىم كېچىگىچە سوزۇلدى، ئاخىرىدا مىسىر رەققاسىنىڭ شەمشەر ئۇسسۇلى ۋە كۈلكىلىك قونچاق ئويۇنى قاتارلىقلار كۆرسىتىلدى.

بۇنداق قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان ئانتونى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر، تولا كۈلۈپ ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك بولۇپ كېتىشتى.

ئانتونى ماڭىدىغان چېغىدا ئايال پادىشاھنىڭ قولىنى تۇتۇپ ناھايىتى رازىمەنلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— بۈگۈن ئاخشام بۇ كاتتا زىياپەتلىرىڭىزگە قاتنىشىپ تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم. ئەتە كەچتە سىزنى رىم پەردىسىدە كۈتۈۋالماقچىمەن. قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز.

ئەتىسى كلېئوپاترا ۋەدىسى بويىچە ئانتونىنىڭ بارگاھىغا كەلدى. ئانتونى ئاشپەزلىرىگە جىمى ھۈنەرلىرىنى چىقىرىپ ئايال پادىشاھنى تازا ئوبدان كۈتۈۋېلىشنى بۇيرۇغانىدى، لېكىن داستىخانغا كەلتۈرۈلگەن تاماق-لارنىڭ ئۇلارنىڭكىدىن كۆپ ناچار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى غەزەپ-لەندى، ھەتتا تاماقنى ئاشپەزلەرنىڭ بېشىغا ئاتماقچىمۇ بولدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، چىرايى قىزارغان ھالدا پاتراغا ئۆزرە ئېيتتى:

— تاماق بەك غورىگىل بولۇپ قاپتۇ. رىمنىڭ ئېسىل تائاملىرى ھەرگىز بۇنداق ئەمەس ئىدى. بارگاھچە مېھماندارچىلىق مۇشۇنداق بولۇپ قالدى، كەچۈرۈڭ ...

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى ئايال پادىشاھ بېشىنى چايقاپ، — تاماقلار شۇنداق ئوخشاپتۇ. ئۆزىڭىزنىڭ تامىقىڭىزنى يەۋەر-سىڭىز چىقىپ قالىدىكەنسىز، خەقنىڭكىنى يېسە بەك تېتىشلىق بولىدىكەن.

ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ، ئالدىدىكى تاماقلارنى ناھايىتى ئىشتىھا بىلەن يېدى. زىياپەت كۆڭۈللۈك داۋاملاشتى، ئانتونى بىلەن كلېئوپاترا خېلى ئوبدان تەگىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى يېقىنچىلىقى كىشىگە قەدىناس دوستلارنى، ئاشىق - مەشۇقلارنى ئەسلىتەتتى. ئايال پادىشاھ ئانتونىغا يېقىن چاپلىشىپ، يېقىملىق ئەركىلىگەن ھالدا:

— سەردار ئانتونى، بىر گېپىم بار، ماقۇل دەمسىز؟ — دېدى.

— سىزلا دېسىڭىز، مەن ماقۇل دېمەمدىغان!

— ۋاھ، مېنى ئەجەب خۇشال قىلىۋەتتىڭىز. ئەمىسە ئېيتاي. مىسىر ئۆز ۋاقتىدا بىرۇت تەرەپتە تۇرغان. مۇشۇ گۇناھىمىزنى كەچۈرەرسىزمۇ؟

ـــ بۇنىڭغا كەچۈرۈم سوراشنىڭ نېمە ھاجىتى. بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى دەيسىز. شۇنچە يىراقتىن ئالدىمغا كەلگەنلىكىڭىزنىڭ ئۆزى ئۇ سەۋەنلىكنى پۈتۈنلەي يۇيىۋەتتى.

ـــ ئۇنداقتا، مىسىرنى ۋەيران قىلمايدىكەنسىز ـ دە؟

ـــ ئەلۋەتتە. ئايال پادىشاھ ئۇنىڭغا مىننەتدارچىلىق نەزەرى بىلەن قارىغىنىچە كۈلدى.

ـــ ئەمىسە، مەن خاتىرجەم بولدۇم. سەردار ئانتونى، سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار؟ مەن بىللە مىسىرغا بېرىڭ. مىسىرلىقلار سىزنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ، ـــ دېدى ئۇ قولىنى ئانتونىنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ يېلىنغان ئاھاڭدا. ئانتونى ئامالسىز قالغان ھالەتتە كۈلدى:

ـــ ئالىيلىرى، چاقچاق قىلغاندەك گەپ قىلغىلى تۇردىڭىز. مەن ھازىر پېرسىيىگە يۈرۈش قىلىمەن دەپ تۇرۇۋاتسام، مىسىرغا قانداق بارالىشىم مۇمكىن؟

ـــ ئۇنداق دېمەڭ، پېرسىيە سىز ئۈچۈن بىر باغلاقلىق قوي، قاچان بوغۇزلىسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. نېمىگە ئالدىرايسىز، بىر ـ ئىككى كۈن ئۇزاق ياشىۋالسا نېمە بوپتۇ. ئاۋۋال بىز تەرەپكە بېرىپ مېھمان بولۇڭ، كۆڭلىڭىزنى ئېچىڭ، ئاندىن پېرسىيىگە تۇتۇش قىلسىڭىزمۇ ئۈلگۈرىسىز. ماقۇل دەڭ!

ـــ ھىم، بۇمۇ بىر ھېسابتا بولىدىكەن.

ـــ راست بولىدۇ! پېرسىيىدە نېمە بار دەيسىز. بىر ياۋايى ئەل ئۇ! سېسىق ئات گۆشى بىلەن قاپقارا قېيىزىسىدىن بۆلەك ھېچنېمىسى يوق. ئۇلارنىڭ ئوردىسىدىن مىسىرنىڭ چىشتىمخانىلىرى جىق چىرايلىق! سەردار ئانتونى، ئۈنۈگۈن مۇنەججىم ئارابا سىزنى كەلگۈسىدە پادىشاھ بولىسىز دېدىغۇ. سىز كەلگۈسىدە ئەمەس، ئەتە ـ ئۆگۈنلا پادىشاھ بولىسىز.

ـــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

ـــ ئەگەر سىز رىمغا قايتماي، مىسىردا تۇرۇپ قالسىڭىز، مەن پادىشاھلىقىمنى سىزگە بېرىمەن!

ـــ ئالىيلىرى، تولا چاقچاق قىلماڭ!

ـــ ياق، بۇ چاقچاق ئەمەس، مەن چىن دىلىمدىن دەۋاتىمەن.

مەزلۇم كىشىنىڭ پادىشاھ بولمىقىمۇ بەك تەس ئىش ئىكەن. ئايال كىشى دەپ ھەممىسىنىڭ بوزەك قىلغۇسى كېلىدىكەن. مىسىر بورۇنقىدەك قۇد-رەتلىك ئەمەس، قاچان بىر ئىش چىقىپ قالاركىن دەپ يۈرىكىم سۇ. سەردار ئانتونى، مىسىر سىزدەك پادىشاھقا ئېرىشكەندە چوقۇم قۇدرەت تاپىدۇ. بەلكىم تەختىمنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن سىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن دەۋاتقاندىمەن ...

—ئۇنداقتا، سىزچۇ؟

—مەنمۇ؟ سەردار ئانتونى، مەن خانىشىڭىز بولۇپ كېچە - كۈندۈز سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولىمەن!

ئانتونى ئۇنىڭدىن بۇنداق گەپ چىقىشىنى ھەرگىز ئويلاپ باقمىغان-دى، شۇڭا تۇيۇقسىز گاڭگىراپ قېلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

## ● سىرلىق مەملىكەت ●

كلېئوپاترانىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن ئانتونىدا مىسىرغا قارىتا تۇيۇقسىز قىزىقىش پەيدا بولدى. راست، ئۇ مىسىرغا بېرىپ كۆرۈپ باقسا نېمە بوپتۇ!؟ ئەگەر راستىنلا مىسىرغا پادىشاھ بولۇپ، كلېئوپاترادەك خانىشقا ئېرىشسە، ھەر كۈنى ھېلىقىدەك ئېسىل تائاملارنى يەپ، خۇشبۇي شارابلارنى ئىچىپ، ئويۇن - كۈلكە ئىچىدە ياشىسا، نېمە ئارمان! دۇنيادا ئۇنىڭدىن كاتتا تۇرمۇش بولمايدۇ ... ئارابانىڭ ئېيتقانلىرىمۇ راست بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. دەرھەقىقەت، مىسىرغا پادىشاھ بولۇپ، ئۇنى قۇدرەت تاپقۇزسا، ئاندىن پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرسا، بۇنىڭدىنمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش بولامدۇ!؟ رىمغا بېرىپ، ھېلىقى كالۋا لېپىدۇ، قارانىيەت ئوكتاۋنلار-نىڭ كۆزىگە قاراپ يۈرۈشتىن بۇ جىق ياخشى ئىش ئەمەسمۇ!؟ توغرا! رىمغا قايتماي، مىسىرغا بېرىش كېرەك!

ئۇ بىر قارارغا كېلىپ مونديانى چاقىرتىۋېدى، ھايالسىزلا ساقاللىق سەركەردە مونديا تولۇق قوراللانغان ھالەتتە ئانتونىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئانتونى ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

—ھوي، ئالدىمغا قىلىچ ـ قالقانلىرىڭنى كۆتۈرۈپلا كىرىپسەنغۇ، نېمە ئىش بولدى؟

—ئايال پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ بولدىڭىز، ئەمدى پېرسىيىگە قوشۇن تارتىپ بارمايمىزمۇ؟

—قوشۇن تارتىدىغان ئىش يوق، سەپەرگە چىقىمىز. سەن لەشكەر-لەر بىلەن بارگاھتا قالىسەن.

—سەردار جانابلىرى، سىزچۇ؟ — مونديا چۈشىنەلمەي سورى-دى.

—مەن يېلو بىلەن فوئايرونى ئېلىپ ماڭىمەن.

—مۇئاۋىنىڭىز گاندىيامۇ سىز بىلەن بىللە ماڭامدۇ؟

—گاندىيا مۇشۇ يەردە پارسلاردىن ھېزى بولۇپ تۇرىدۇ.

—دېمەك، سىزگە قۇللۇقتىن كېلىپ چىققان يېلو بىلەن قورقۇنچاق فوئايرولا ھەمراھ بولىدۇ؟

—شۇنداق، مۇشۇ قاملاشقىنى! شاراب بىلەن ئېلىشىشقا شۇلار بولسا كۇپايە.

—ھېچ ئۇقالمىدىم، — دېدى مونديا گاڭگىرىغان ھالدا، — جانابىڭىز زادى نەگە سەپەر قىلماقچى؟

—مىسىرغا!

—مىسىرغا؟

—ھە، ئايال پادىشاھ بىلەن بىللە مىسىرغا بارىمەن.

—ئايال پادىشاھ بىلەن؟ بۇ زادى نېمە ئىش؟

—سەن گەپ سورىماي بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىل.

مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن سىلەرنىمۇ مىسىرغا ئەكىلىۋالىمەن، — ئانتونى كېپىنى تۈگىتىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئانتونىنىڭ نىيەت قىلغان ئىشىنى قىلماي قويمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇمۇ زۇۋان سۈرمىدى.

ئانتونىنىڭ بۇيرۇقى دەرھال ھەممەيلەنگە يەتكۈزۈلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىشقا بەلگىلەنگەن يىلو، فوئايرو ۋە باشقا سىپاھ ـ لەشكەرلەر ھەربىي كېمىلەرگە چىقتى. بارگاھتىكىلەر ئۇلارنى دەريا بويىغا كېلىپ ئۇزىتىپ قويدى.

پارقىراپ تۇرغان نەيزە ـ قالقانلىق رىم لەشكەرلىرى چۈشكەن كېمىلەر ھىلال ئايسىمان شەكىل پەيدا قىلىپ مىسىر پادىشاھىنىڭ سەلتەنەتلىك كېمىسىنى قوغدىغىنىچە سىدنا دەرياسى ئارقىلىق ئوتتۇرا يەر دېڭىزغا كىردى.

ئانتونى بىلەن كلېئوپاترا ئىككى شاھانە كۆرستا يېقىن ئولتۇراتتى كېنىزەكلەر يوغان رەڭدار يەلپۈگۈچ بىلەن ئۇلارنى يەلپۈيتتى، چىرايلىق قىزلار كېمىگە بىر خىلدا پالاق ئۇراتتى. پالاق ئاۋازىغا جور بولۇپ ئېيتىلىۋاتقان يېقىملىق ناخشىلار، ئەتراپنى بىر ئالغان خۇش پۇراقلار ئادەمنى بەكمۇ ھوزۇرلاندۇراتتى.

كلېئوپاترا ئانتونىغا شاراب تۇتتى، ئاندىن:

ــــقېنى قايىسىڭلار سەردار ئانتونىغا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىسەلەر؟! ــــ دېدى. بۇ گەپ بىلەن تەڭلا ئىككى قىز مەيدانغا چۈشۈپ كېپىنەكتەك پىرقىرىغىلى تۇردى، بىرى ئەركەك كېپىنەكنىڭ، بىرى چىشى كېپىنەكنىڭ رولىنى ئېلىۋاتاتتى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئانتونى بىلەن كلېئوپاترانىڭ ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈردى ھەم ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە بەخت ـ سائادەت تىلىدى، كەينىدىنلا بىر شائىر ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇلارغا ئاتىغان قەسىدىنى ئوقۇدى، بۇ ئىشتىن كېيىن ئانتونى:

ــــئۇسسۇلچى قىزلار، ھاي شائىر، بېرى كېلىڭلار، سىلەرگە ئۆز قولۇم بىلەن شاراب قۇيۇپ بېرەي، ــــ دەپ ئۇلارنى ئالدىغا ئەكىلىپ، ھەربىرىگە شاراب قۇيۇپ بەردى ھەم ھەرخىل سوۋغاتلارنى بېرىپ ئۇلارنى رازى قىلدى، ئاندىن كلېئوپاتراغا، ــــ ئالىيلىرى، مۇنداق ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ بېرىش مېنىڭ ئادەملىرىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، ئادەملىرىمىز سىزنى پەقەت لەشكىرىي مارشىمىز بىلەن خۇش قىلسۇن، ــــ دېدى.

ئانتونى دەل مۇشۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا، كېمىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋاز



قىلىپ يۈرگەن سۇ قۇشلىرى بىردىنلا پىتىراپ كەتتى. قاياقتىندۇ ئۇچۇپ كەلگەن بىر بۈركۈت ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغانىدى. ئانتونىنىڭ ئادىمى سىكۇرا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ دەرھال ئوق - ياسىنى قولغا ئالدى - دە:

— ئايال پادىشاھ ئالىيلىرى ئەلەمدارلارنىڭ كارامىتىنى كۆرسۇن، — دېگىنىچە، بۈركۈتكە قارىتىپ ئوق ئۈزدى. ئوق تەگكەن بۈركۈت دەل كېمىنىڭ ئۈستىگىلا چۈشتى. سىكۇرا ئوقنى چىقىرىۋېلىپ بۈركۈتنى ئايال پادىشاھقا سوۋغا قىلدى.

— قالتىس، قالتىس، مەرگەنلىكىڭىزگە قايىل بولدۇم. مىسىردا مۇنداق مەرگەن تېپىلمايدۇ. مەن ئەمدى سىزنى نېمە بىلەن تارتۇقلىسام بولار؟ — كلېئوپاترا ئىككى يېنىغا قاراپ مەيدىسىدىكى بولاپكىسىنى ئېلىپ سىكۇراغا بەردى.

ئۇلار مۇشۇنداق ئويۇن - تاماشا بىلەن ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى. ئاخىر ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قۇملۇقلار ئۇزۇن لىنتىدەك كۆزگە تاشلاندى. كەينىدىنلا ھەرخىل مۇنار، ئىبادەتخانىلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مىسىر پايتەختى ئالېكساندرىيە كۆرۈندى.

— ئەنە، ئالېكساندرىيىگە كەلدۇق!

ئانتونى ھاياجانلانغان ھالدا پادىشاھ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى.

راستىنى دېگەندە، شۇ تاپتا ئانتونىنىڭ كۆڭلىنى ئەندىشە، پۇشايمان چۇلغىۋالغانىدى. ئۇ بىر ھېسابتا كلېئوپاترانىڭ سۆزىگە كىرىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىغا ئاپلا دەپ قالدى. نېمىشقا دېگەندە، پېرسىيىنى بوش چاغلىغىلى بولمايتتى. ئۇ شۇ چاغلاردا شەرقتىكى قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى، مۇئاۋىن سەردار گاندىيا ھەرگىز ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. پېرسىيىنىڭ باش قوماندانى رابىنا تەڭداشسىز باتۇرلۇقى ۋە پەم - پاراسىتى بىلەن داڭق چىقارغان ئادەم ئىدى. پېرسىيە شاھزادىسى بەقرەمۇ دۇنيادا مەشھۇر مەرگەن ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ قولىدا ۋەيران بولغان رىم سەركەدىلىرى ئاز ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا پېرسىيىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى ئانتونىنىڭ لەشكەرلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن مېسوپوتامىيە تۈزلەڭلىكىگە يىغىلىپ

كىلىكياغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييار بولۇپ تۇراتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، رىمدىمۇ باش قېتىنچىلىقلار ئاز ئەمەس، ئانتونىچىلار بىلەن ئوكتاۋىچىلار ھېلىھەم دۈشمەنلىك ھالەتتە تۇراتتى، تېرىقچىلىق ئىشلاردىمۇ بىر - بىرىگە يول قويماي ئۆكتە قوپۇشاتتى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئاقىۋەت نېمە بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. بۇ توغرۇلۇق ئانتونىغا كەلگەن خەۋەرلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ رىمدا قالغان ئەركەك مىجەز ئايالى فوروبىيە بىر ئامال قىلىپ ئوكتاۋىچىلارنى يوقىتىۋېتىش كويىدا. يېقىندا تېخى ئۇ ئانتونىنىڭ ئىنىسى روشىيانى ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۆندۈرۈپ ئانتونى قايتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال ئوكتاۋىنى ئاغدۇرۇۋېتىش قەستىدە يۈرۈپتۇ. شۇڭا، ئانتونى مۇنداق چاغدا مىسىرغا كېلىپ تاماشا قىلىپ يۈرمەسلىكى كېرەك ئىدى، ئەلۋەتتە.

«خەير، كېلىپ قاپتىمەن. كېلىپلا كېتىمەن دېسەم بولماس. ئون - ئون بەش كۈن تۇرۇپ كېتەي، ھېلىلا ياۋ سۈرۈپ كەلمىگەندىكىن»

ئانتونى ئويلا - ئويلا، ئاخىر مۇشۇ قارارغا كەلدى. كېمە بۈيۈك مىسىر ئىمپېرىيىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالېكساندرىيە پورتىغا يېقىنلاشتى. ئانتونى ئورنىدىن تۇرۇپ ئاجايىپ بىر ھېسسىيات بىلەن ئالدى تەرەپكە قارىدى. پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىققان ئوردا ئەيياملىرى قىرغاقتا توشۇپ كەتكەنىدى. بىر ئازدىن كېيىن تاشپاقىدەك ئۇرغۇنلىغان كىچىك قېيىقلار كېمە تەرەپكە قاراپ ئۈزۈپ كېلىشكە باشلىدى. قېيىقلاردىكى نەي ئاۋازىغا قىرغاقتىكى ناغرا - سۇنايلارنىڭ ئاۋازى قوشۇلۇپ ئەتراپنى بىر ئالدى. دەسلەپتە ئاڭلىغاندا بۇ ئاۋازلار مۇزىكىغا ئانچە ئوخشىمايتتى، لېكىن ئاڭلاۋەرسە ئادەم ئۆزىنى مىسىر فىرئەۋنلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق قەبرىسىدە باش ئېگىپ تۇرغاندەك ھېس قىلىپ، ئۇ مۇزىكىنىڭ مۇڭىنى ۋە سەلتەنىتىنى ھېس قىلماي قالمايتتى.

ئايال پادىشاھ بىلەن ئانتونى قېيىققا چىقىپ قىرغاققا كەلگەندە ئۇلارنى گۆھەر تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن بىر تەختىراۋان كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار تەختىراۋانغا چىقىپ يانمۇ - يان ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنى

سەككىز ئادەم كۆتۈرۈپ ماڭدى. ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى ياڭرىدى. ئىسرىق-دان كۆتۈرۈۋالغان ئەئيانلار ئۇلارنى چۆرىدەپ ماڭدى. سەپنىڭ ئالدىدا ئانتونىنىڭ ئادەملىرى، سەپنىڭ كەينىدە ھەرخىل كىيىنىۋالغان مىسىر سەرۋازلىرى، ھەرقايسى تەرەپ چىرايلىق زىننەتلەنگەن ئەللىك تۆگىدە كېتىۋاتاتتى.

ئايال پادىشاھ كلېئوپاترا تۇرۇۋاتقان ئالېكساندرىيە بۇرۇن مىسىرنى بويسۇندۇرغان ئالېكساندىر پادىشاھ قۇرغان شەھەر ئىدى. قەدىمكى پايتەخت قاھىرەگە بارىدىغان مۇھىم يول بولغانلىقتىن بۇ شەھەر ناھايىتى ھەيۋەتلىك ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ سەلتەنىتى ئالدىدا پىرسىيىنىڭ پايتەختى ھەتتا رىممۇ سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى.

چوڭ يولنىڭ ئاياغ تەرىپىدە مىسىر پادىشاھلىقىنىڭ ئوردىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئايال پادىشاھ بىلەن ئانتونىنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلار ئۈچ يۈز باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن چۈمۈلىدەك چىقىپ كېلىۋاتاتتى.

ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ئېگىزلىكى ئون بەش مېتىر كېلىدىغان كالا باشلىق ئادەم تەنلىك ھەيكەل ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئوردا شۇنچىلىك سەلتەنەتلىك ياسالغانكى، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئالدىدا ئون بەش مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئۇ ھەيكەل باللارنىڭ ئويۇنچۇقىدەكلا كۆرۈنەتتى. تاملاردىكى نەقىشلەرنىڭ نەپىسلىكىمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. بۇ كۆرۈنۈشكە قاراپ ھەتتا ئانتونىمۇ ئاغزىنى ئېچىپ قالدى.

ــــ سەردار جانابلىرى، بۇ ياققا مەرھەمەت!

ئانتونى ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. بىرەيلەن ئالدىغا كەلدى. بۇ ئايال پادىشاھنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە كىلىكىيادىكى بارگاھقا بارغان مالىيە ۋەزىرى سېشۇكا ئىدى.

ــــ ھوي، سەن ئىكەنسەنغۇ!؟

ــــ ھەئە، ئەلچىلىككە بارغان سېشۇكا مەن بولىمەن. خۇش كەپسىز، سەردار جانابلىرى، ئايال پادىشاھ ئالىيلىرى سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزگە بەك خۇشال. بۇ خۇشامەت گەپ ئەمەس، راستىنى دەۋاتىمەن. شاھىمىز ئۆمرىدە مۇنداق خۇشال بولۇپ باقمىغان! ــــ ئۇ سۆزلىگەچ ئالدىدا يول باشلاپ

ماگدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، دەپ بەرسىمۇ ئادەمنىڭ نىشەندوس[redacted] غان، ئايغى ئۇزۇلمەس بەزمە ـ زىياپەت باشلىنىپ كەتتى. بۇ بەزمىلەر ـ نىڭ ئالدىدا كىلىكيادىكى بەزمىلەر ھېچنېمە ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە ئۇن ـ ئۇن بەش كۈن تۇرۇپ كەتمەكچى بولغان ئانتونى ئويۇن ـ تاماشاغا بېشچە كىرىپ كېتىپ، كېتىش دېگەننى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەس بولۇپ قالدى. دەرھەقىقەت، راھەت ـ پاراغەت خېلى ـ خېلى ئادەملەرنىمۇ مۇشۇنداق ئىسەنگىرىتىپ قويىدۇ.

ئايال پادىشاھ كلېئوپاترا ئانتونىنى مىسىرغا باشلاپ كېلىشتە دەسلەپتە دۆلىتىنى بالايىئاپەتتىن ساقلاپ قېلىشنىلا ئويلىغانىدى، ئەمدى ئۇنىڭدا ئانتونىغا قارىتا مۇھەببەت ئويغىنىشقا باشلىدى. شۇڭا ئۇ ئانتونىنى رىمغا قايتۇرماسلىق ئۈچۈن ھەرخىل ئاماللار بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالدى. بەزمىلەردىنمۇ زېرىكىپ قالغاندۇ دەپ ئويلاپ ئۇنى نىل دەرياسىنىڭ بويىغا ئاپاردى، چىلانزار، پالمىزار ۋە ئۈزۈمزارنى ئايلاندۇردى. قۇملۇققا ئاپىرىپ، خىيالىي كۆرۈنۈشتە سوزۇلۇپ ياتقان ئادەم يۈزلۈك شىرتەنلىك ئېھرام ۋە باشقا ئېھراملارنى تاماشا قىلغۇزدى. بىر كۈنى ئۇ ئانتونىغا چوڭ ئېھراملارنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى:

ــــ سەردار ئانتونى، كۆردىڭىزمۇ، مىسىر دۇنيادا تۇنجى قەدىمكى دۆلەت بولۇپ قالماستىن، يەنە تۇنجى قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى. مىسىرنىڭ ئۆز زامانىسىدا دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا زېمىنى بولغان. قاراڭ، پادىشاھ دوتمپىنىڭ قەبرىسى ئاشۇ. پادىشاھ دوتمپى بۇنىڭدىن ئالاھزەل بىر مىڭ بەش يۈز يىل ئاۋۋال مىسىرنىڭ ئون سەككىزىنچى سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك خاقانى بولغان. ئۇ ئەتراپتىكى دۈشمەن ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ زەپەر قوچۇپ كەلگەندە مىسىر خەلقى ئۇنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن تېبى شەھرىدە ئون بىر كۈن بەزمە قىلغان. سەردار ئانتونى، سىز مىسىر ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا خىزمەت كۆرسەتتىڭىز. شۇڭا مەن ئالېكساندىرد ـ يىدە سىزگە ئاتاپ ئۇنىڭدىنمۇ زور ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ بەرمەكچىمەن.

ئانتونى بىر پەس جىمىپ كېتىپ، ئاندىن مۇنداق دېدى:

— ئالىيلىرى، ئۇنداق قىلسىڭىز دۇرۇس بولماسمىكى. دوتمېي مىسىر خاقانى، شۇڭا مىسىرلىقلار ئۇنىڭ غەلبىسىنى تەبرىكلەپ ئاشۇنداق قىلغان. مەن بولسام، رىمنىڭ ئادىمى. مىسىرغا ھېچقانداق تۆھپەم يوق ...

— ياق، — دېدى ئايال پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا، — بۇ گېپىڭىز دۇرۇس بولمىدى. سىز مىسىرنىڭ شەپقەتچىسى. سىزنىڭ ئورنىڭىزدا باشقا بىرى بولسا، بۇ چاغقىچە مىسىرنى ۋەيران قىلىۋېتەتتى. سىز مىسىرغا چېقىلمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن مەندەك مەزلۇمغا ياردەم قىلدىڭىز. مىسىر ئۈچۈن سىزنىڭ تۆھپىڭىز پادىشاھ دوتمېيدىن ئارتۇق بولسا ئارتۇقكى، ھەرگىز كام ئەمەس.

ئايال پادىشاھنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئانتونى كۆڭلىدە سەل ئورۇنلۇق ھېس قىلدى.

— مىسىردا قېپقېلىڭ، — دېدى ئايال پادىشاھ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ كۈچ - قۇدرىتى يوق. پارسلار كۈچەيگەندە ئۇلارغا قارام بولدۇق، كېيىن پادىشاھ ئالېكساندىرنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتتۇق. مانا ئەمدى رىمدىن گۇناھىمىزنى تىلەپ ئولتۇرۇپتىمىز. سەردار ئانتونى، بىزنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەڭ، مىسىردا قېپقېلىڭ، پتولېمى سۇلالىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ مىسىرنى گۈللەندۈرۈڭ، قۇدرەت تاپقۇزۇڭ. بۇ تەلىپىمنى يەردە قويماڭ، مىسىرغا ياردەم بېرىش پەقەت سىزنىڭلا قولىڭىزدىن كېلىدۇ، — ئايال پادىشاھ سۆزلەۋېتىپ ئانتونىنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويغىنىچە يىغلىۋەتتى. بۇ ئەھۋالغا قاراپ رەھمى كېلىپ قالغان ئانتونى ئۇنىڭغا چوقۇم ياردەم بېرىش قارارىغا كەلدى.

ئايال پادىشاھنىڭ كۆز يېشى ئۇنىڭ يۈرىكىنى يۇمشاتقان، قىلچە ساختىلىق ئارىلاشمىغان سەممىيەت جەڭگىۋار قەلبىنى ئاخىر ئېرىتكەندى.

## ● ھامىيلىق مەبۇدىسى يېش ●

ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان دوتمېينىڭ قەسرى پېچەتلىنىۋېتىلگەندى.

بۇ توغرۇلۇق، ئەگەر كىمكى بۇ يەرگە كىرسە، يەر ـ زېمىن گۈمۈرلۈپ، نىل دەرياسى قۇرۇپ كېتىدۇ، مىسىر خەلقى خانىۋەيران بولۇپ تۈگەيدۇ، دەيدىغان رىۋايەتمۇ بار ئىدى.

ئانتونى بىلەن كلېئوپاترا تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ تاش بىلەن قوپۇرۇلغان بۇ قەسىرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئانتونى كلېئوپاترانىڭ قولىدىن تۇتۇپ، زور تاشلاردىن ياسالغان پەلەمپەيلەردىن چىقىپ قەسىر دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى ـ دە، كلېئوپاترادىن:

ــــ ئالىيلىرى، قەسىرنىڭ ئىچىنى بىر كۆرۈپ باققۇم بار. كىرىشكە زادى بولماسمۇ؟ ــــ دەپ سورىدى. ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىچىگە كىرىپ بىر كۆرۈپ باققۇسى بار ئىدى. لېكىن، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەتراپتىكىلەر قورقۇپ تىترەپ كەتتى، كلېئوپاترانىڭ چىرايىمۇ سەل تاتاردى.

ــــ بۇ ... ــــ كلېئوپاترا ئۇنى توسماقچى بولۇپ، بىردىنلا يالتايدى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئەتراپىدىكىلەرگە دېدى، ــــ سەردار بۇ يەرگە كىرمەكچى، قېنى قايسىڭلار بۇ تاش دەرۋازىنى ئاچىسىلەر؟

لېكىن ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن بىرىمۇ مەيدىسىنى كېرىپ چىقالمىدى.

شۇ چاغدا ئانتونىنىڭ سەركەردىسى ئېنوبابا ئوتتۇرىغا چىقىپ قەسىرنىڭ دەرۋازىسىنى ئىتتىردى، لېكىن پەقەت مىدىرلىتالمىدى.

ــــ سىگۇرا، كېلىپ ماڭا ئىتتىرىشىپ بەرگىنە!

ــــ مانا! ــــ دېگىنىچە سىگۇرا چىقتى. بۇ كېمىدە بۇركۇتنى ئېتىپ چۈشۈرگەن ھېلىقى يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا بىرمۇنچە مىسىرلىقلار ياردەمگە كەلدى. جۈرئىتىگە كەلگەن بۇ كىشىلەرنىڭ يار ـ يۆلىكى بىلەن تاش دەرۋازا سەل مىدىرلىدى، كۆچەپ ئون ـ ئون بەش قېتىم ئىتتىرگەندىن كېيىن ئاخىر ئېچىلدى.

ئېنوبابا مەشئەل كۆتۈرگەن تۆت ـ بەشەيلەننى باشلاپ قەسىرگە كىرىدى، كەينىدىن ئانتونىمۇ كلېئوپاترانى قولىدىن يېتىلەپ كىردى. مەشئەل يورۇقىدا قەسىرنىڭ ئىچىدىكى خىمۇ خىل ھەيكەللەر كۆزگە تاشلاندى. ئانتونى مەشئەلنى يېقىن ئەكەلدۈرۈپ بۇلارغا ئىنچىكىلەپ سەپسالدى. بۇنىڭ ئىچىدە يىلان باشلىق، مۈشۈك باشلىق، مايمۇن باشلىق

ھەيكەللەر، ئىشقىلىپ خىلمۇ خىل ھەيكەللەر بار ئىدى. قەسىرنىڭ كەينى تەرىپىدە بىرلا ئادەم ماڭغىلى بولىدىغان بىر تار پەلەمپەي تۇراتتى. ئانتونى پىچىرلىدى:

—— مەشئەلنى ماڭا بېرىپ، ئۆزۈڭلار مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭلار، —— دېدى ـ دە، مەشئەلنى قولىغا ئېلىپ ئايال پادىشاھنى يېتىلىگىنىچە پەلەمپەيگە چىقىپ كەتتى.

ئۇلار ئۈچ ئايلانمىلىق پەلەمپەيدىن ئۆتۈپ يوغان بىر تاش ئۆيگە كىردى. مەشئەلنىڭ سۇس يورۇقىدا تاملاردا قاتار تۇرغان ھەيكەللەر ناھايىتى سۇرلۇك كۆرۈنەتتى.

—— ۋايجان ...

ئايال پادىشاھ چۆچۈپ توۋلىغىنىچە ئانتونىغا چاپلىشىۋالدى. قەيسەر ئانتونى ھودۇقماستىن سورىدى:

—— نېمە بولدى؟

—— قاراڭ، ئۇنىڭغا ...

ئۇ كلېئوپاترا كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. راستىنلا غەلىتە ئىش، بۇ يەرگە ئادەم كىرىپ باقمىغان تۇرسا، داڭقاندا ئوت كۆيۈۋاتىدىغۇ؟

—— ۋاي، توۋا!

ئوتقا قاراپ ئەمدى ئانتونى ياقىسىنى تۇتتى. بىرمۇنچە چتۇڭگىر يىگىت مىڭ بالالىقتا ئاچقان ئىشىكنى كىممۇ ئېچىپ كىرەلىگەندۇ؟ بۇ ئوتنى كىم ياققاندۇ؟

ئانتونى ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم مېڭىۋېدى، قولىدىكى مەشئەل قەسىرنىڭ تۆرىدە تۇرغان بىر مەبۇدنىڭ ھەيكىلىنى يورۇتۇۋەتتى.

—— ۋاي! بۇ ... —— بۇ قېتىم ئانتونى راست قورقتى. قورقۇشمۇ تەبىئىي ئىدى. چۈنكى بۇ ھەيكەل پادىشاھ كلېئوپاتراغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. چىرايلىرىنى دېمەمسىز تېخى!

—— بۇ مىسىرنىڭ ھامىلىق مەبۇدىسى ھەيكىلى، —— دېدى كلېئو-پاترا چىن ئىخلاسى بىلەن ھەيكەلگە باش ئۇرۇپ تۇرۇپ.



ئىككى كلېئوپاترا ياكى ئىككى يېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالغان ئانتونى بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈشكە قاراپ ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى ۋە كەينىگە شوخشىدى. دەل شۇ چاغدا تاماللاردىن نۇرغۇن ئادەملەر سۆزلەشكەندىكىدەك ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

—مۇقەددەس مەبۇدىگە بىھۆرمەتلىك قىلغان بۇ ئىككى ئادەمنى قانداق جازالاش كېرەك؟

—قىيما ـ ياما قىلىۋېتىش كېرەك!

—ياق، هازىرچە تۇرۇپ تۇرايلى، ئۇلارنى تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئۆزى جازالىسۇن! ...

—تېخى بۇ ئەركەك ئۆزىچە مىسىرنىڭ پادىشاھى بولماقچىمىش! نېمىدېگەن قارانىيەت — هە، بۇ!

—بولسا نېمە بوپتۇ؟ قېنى، مىسىرنى بىر كۆللەندۈرۈپ دۇنياغا تونۇتۇپ باقسۇن ...

—ياق بولمايدۇ، ئازراق باتۇر بولغىنى بىلەن شارابخور نېمىكەن، قانداقمۇ پادىشاھ بولالايدۇ؟

—ئۇزۇنغا قالماي بېشىنى يەيدۇ، ئەمدى ئايال پادىشاھنىڭ كۈنىمۇ چاتاق.

كلېئوپاتراغا بۇ گەپ ـ سۆزلەر خۇددى چۈشىدە ئاڭلاۋاتقاندەك بىلىندى.

بۇ گەپلەر قەدىمكى مىسىر تىلىدا قىلىنىۋاتقاچقا، بۇنى پەقەت هەر- خىل تىللارنى پىششىق ئۆگەنگەن كلېئوپاترالا چۈشەندى. ئانتونى بولسا، هېچنېمە ئۇقالمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار بۇ يەردىن چىقىپ كەتتى.

## ئەنسىرىگەن ئىش

پادىشاھ كلېئوپاترانىڭ پىلانى بويىچە ئانتونىنى قارشى ئېلىش ئۆ-

چۈن ئۆيۈشتۈرۈلغان بەزمە تولۇق يىگىرمە كۈن داۋام قىلدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەنلەرمۇ بۇ بەزمىگە قاتناشتى. بۇنىڭغا قاتناشقانلارنىڭ دائىرىسى شۇنچىلىك كەڭ بولدىكى، نازۇ نېمەت، مەي ـ شارابقا ئېغىز تەگمىگەن ئەلەمدار، قەلەمدار، قۇلدار ۋە قۇل، كېمىچى، ھەتتا ئاياللارمۇ قالمىدى.

كلېئوپاترانىڭ ئەڭ ئامراق كېنىزەكلىرىدىن جومىيان، ئېلۇلارمۇ شەرقلىق ئويۇنچىلار ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل ماھارەتلىرىنى كۆرسەتتى. ئوردا قىزىقچىسى مادىيان شائىرنىڭ ئوقۇغان ھەزىل شېئىرىغا ماسلاشتۇرۇپ خوتۇن خەقنىڭ قىلىقىنى دوراپ ھەممەيلەننى قاتتىق كۈلدۈردى. كلېئوپاترانىڭ تېۋىپى ئاركسا سورۇندىكىلەرنىڭ ھەربىرىگە بىردىن لەقەم قويۇپ چىقتى. لەقەمنى شۇنچىلىك كېلىشتۈرۈپ قويدىكى، تەمكىن تۇرۇۋالغان ئانتونىمۇ چىداپ تۇرالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئەتراپتىكى قوشنا دۆلەتلەر ئانتونىنىڭ مىسىرغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا خوشامەت قىلىپ نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى ئەكىلىپ ئوردىنى تولدۇرۇۋەتتى. كېلئوپاترا تاۋار ـ دۇردۇن، ئالتۇن ـ كۈمۈش دېگەندەكلەرگە قارىپمۇ قويمىدى. سوۋغاتلارنىڭ ئىچىدە ئايال پادىشاھقا ئەڭ ياققىنى ئېفىئوپىيىدىن كەلتۈرۈلگەن ئىككى يىلپىز بولدى. بۇ يىلپىزلار مۈشۈكتەك ياۋاش تەربىيىلەنگەن بولۇپ، ئادەمنىڭ گېپىنى ئۇقاتتى. كلېئوپاترا ئىككى يىلپىزنى يېنىدا يېتىشقا بۇيرۇپ، پۇتىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالدى. سوۋغاتلارنىڭ ئىچىدە يەنە ھىندىستاننىڭ شەرقىدىن كەلتۈرۈلگەن ئات، پادىيانىڭ ئەنقاسى ۋە توز قانىتىدىنمۇ رەڭدار مارجان دەرىخى، ئەرەبلەر چىن سودىگەرلىرىدىن سېتىۋالغان قىممەت باھالىق چىمىلدىقلارمۇ بار ئىدى. ئانتونى بۇ سوۋغاتلارنىڭ بىرىنى قالدۇرماي ھەممىسىنى ئايال پادىشاھقا بېرىۋەتتى.

چۈشتىكىدەك شېرىن كۈنلەر كەينى ـ كەينىدىن ئۆتۈۋەردى. ھايات دېگەن مۇشۇنداق خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتۈۋەرسە كىم ئۇنى بەختلىك ھېس قىلمايدۇ دەيسىز، لېكىن بۇ كۈنلەرنىڭمۇ چېكى بولىدىكەن. بەزمە ـ تاماشالار ئاياغلىشىپ بىر كۈنى بىر ياساۋۇل ئانتونىنىڭ قېشىغا

ئالدىراپ ـ تېنەپ كىرىپ:
—رىمدىن ئەلچى كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلدى. —قوي! — دېدى ئانتونى قولىنى سىلكىپ، — هازىر ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغۇم يوق.
—سەردار ئانتۇنى، ئەلچىنى قوبۇل قىلىڭ. خانىمىڭىز سىزنى چاقىقان قايتىپ كەلسۇن، دەپ ئەۋەتكەن ئەلچى بولۇشى مۇمكىن،— دېدى كلېئوپاترا كۆزىگە لىق ياش ئالغان هالدا.
—رىمنىڭ گېپىنى قويۇڭا. ئىلاهىم ئۇنى دېڭىز يۇتۇۋەتسۇن. ئۇنى كۆرەر كۆزۈم يوق.
—ياق، ئاۋۋال ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈڭ. تووا، مەن ئەنسىرىگەن ئىش بولمىغىيدى. ئەگەر ئۇ سىزنى رىمغا قايتىڭ دەپ قالسا، هەرگىز ئۇنىماڭ، ماقۇلمۇ؟
—ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ. هەر قانداق ئىش بولۇپ كەتسىمۇ قايتمايمەن. قېنى، ئەلچىنى چاقىرىڭلار.
ياساۋۇل چىقىپ كېتىپ بىر ئازدىن كېيىن رىم ئەلچىسى شۇمشەرەپ كىردى.
—هە، رىمدىن كەلگەن ئەلچى سەنما؟
ئەلچى ئانتونىنىڭ خاپا چىرايىنى كۆرۈپ، بېشىنى سالغىنىچە بوش قىلىپ نېمىلەرنىدۇ دېدى.
—ئۈنلۈك سۆزلە. يېقىنراق كەل، ئاڭلىيالمىدىم.
—خوپ، خوپ، —ئەلچى پۈكۈلگىنىچە ئانتونىنىڭ قېشىغا كەلدى.
—هە، نېمە گەپ؟ قىسقىچە سۆزلە!
—فوروبىيە خانىم لەشكەر تارتىپ چىقتى.
—راستىما!؟ —ئانتونى خوتۇنى فوروبىنى هەرگىز مۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى.
خانىم جانابىڭىزنىڭ ئىنىسى روشىيا بىلەن بىرلىشىپ ئوكتاۋىغا جازا يۈرۈش قىلغان ...

ھە، مانا، ئانتونى ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر بوپتۇ ــ دە! رىمدا ئانتونىچىلار بىلەن ئوكتاۋىچىلار خېلى ئۇزۇندىن بېرى بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىپ يۈرگەن. مانا ئاخىر بولغۇلۇق بوپتۇ!

ــ ھە، ئاخىرىنى دە! ــ ئانتونى جىددىيلەشكەن ھالدا قولىقىنى ئۇنىڭغا يېقىن تۇتتى، لېكىن مۇزىكا چېلىنىپ تۇرغاچقا تۈزۈك ئاڭلىيالماي، ــ مۇزىكىنى توختىتىڭلار، گەپنى ئاڭلىغىلى بولماي ـ ۋاتىدۇ، ــ دەپ ۋارقىرىدى. ۋارقىراش بىلەن تەڭلا مۇزىكا توختاپ، كۆلكە ـ چاقچاقلارمۇ شىپپىدە بېسىقتى.

ــ تېزرەك، ئاخىرىنى دە!

ــ بىرىنچى جەڭدىلا ئوكتاۋى خانىمىڭىز بىلەن ئىنىڭىزنىڭ لەش ـ كەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ئىككىسى ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىغا ئاران قېچىپ بېرىۋالدى. ئوكتاۋىنىڭ لەشكەرلىرى ئىز قوغلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك.

دەل مۇشۇ گەپ بولۇۋاتقان چاغدا كلىكىيا بارگاھىدىكى موندىيانىڭ چاپارمىنى ئۈستۈۋېشى توپا، قارا تەرگە چۆمگەن ھالدا ئوردىغا كىرىپ ئانتونىغا ئەھۋال مەلۇم قىلدى:

ــ سەردار جانابلىرىغا مەلۇم بولغايكى، پېرسىيە قوماندانى رابىنا زور قوشۇن تارتىپ كېلىپ كلىكىياغا ھۇجۇم قىلدى. ئەگەر سەردار جانابلىرى دەرھال قايتىپ بېرىپ جەڭدە قوماندانلىق قىلمىسىلا، بىزنىڭ كۈنىمىز تەس. سەركەردە موندىيا ئۆزلىرىنىڭ دەرھال يېتىپ كېلىشلىرىنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

بۇ ئىككى خەۋەرنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ كەتكەن ئانتونى ھەتتا قولىدىكى قەدەھنىڭ يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى.

## ئاتلىنىش

ئانتونى بۇ ئېغىر ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقاندا

رىمدىن يەنە بىر چاپارمەن كەلدى. ئۇ ئانتونىنى كۆرۈپلا، پوكلا تىزلىنىپ، يۈزىنى تۇتۇپ يىغلاپ كەتتى.

—نېمە بولدى؟ سەن يەنە نېمە شۇم خەۋەر ئەكەلدىڭ؟

—ئېيتىشقا تىلىم كۆيىدۇ ... خانىم ... خانىم قازا قىلدى.

—نېمە؟ فوروبىيە قازا قىلدىما؟ قانداق بولۇپ؟ تەپسىلى دېگىن. دۈشمەننىڭ قولىدا ئۆلدىمۇ ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدىمۇ؟ ...

—خانىم ئوكتاۋىدىن قېچىپ سىتسىلىيىگە بېرىۋالغان. بەك چارچاپ كېتىپ يۈرەك كېسىلى بىلەن قازا قىلىپ كەتتى.

—راستما؟ هە، ئۇنداقتا، ئىنىم روشياچۇ؟

—روشيا جەڭدە لەشكەرلىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ ئاتامانى پومپېيغا قوشۇلۇپ كەتتى.

ئۈچ چاپارمەن ئەكەلگەن بۇ خەۋەرلەر ئۇنىڭغا خۇددى چاقماق تەگكەندەك تەسىر قىلدى. ئۇ كەينىدىن هېچكىمنىڭ چىقماسلىقىنى ئېيتىپ، ساراي هويلىسىغا چىقتى ـ دە فونتان قېشىدىكى مەرمەر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى.

«ئاھ، بۇ ئالەمدىن كېتىپ قاپسەن، فوروبىيە، —دەپ ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن تىنىقسىز يىغلىغىنىچە ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەشكە باشلىدى، — مەن ئەيش ـ ئىشرەت ئىچىدە يۈرگەندە سەن مەن ئۈچۈن جەڭ قىلىپ يۈرۈپسەن. مەن بۇ يەردىكى ئايال پادىشاھنىڭ رايىغا بېقىپ راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە سېنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن ... هەتتا پېرسىيە بىلەن جەڭ قىلىدىغان ئىشمۇ ئېسىمگە كەلمەپتۇ. سېنىڭ ئۆلۈمىڭ مېنى غەپلەتتىن ئويغاتتى. مەن ئەمدى ئېسىمنى تاپتىم ئەمدى ئۆزۈمنى كۆرسىتىمەن، سەن ئۈچۈن چوقۇم ئىنتىقام ئالىمەن.»

ئانتونى مەستلىكنى يېشىش ئۈچۈن بېشىنى فونتاننىڭ سۈيىگە تۇتتى. دەل شۇ چاغدا ئايال پادىشاھ:

—ئانتونى! سەردار ئانتونى! — دەپ ساراڭلاردەك ۋارقىرىغىنىچە هويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى، — هوي، بۇ يەردە ئىكەنسىز!

كلېئوپاترا ئانتونىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئانتونىنىڭ ئالدىدا يەنە بىر



باش قېتىنچىلىق، يەنى مىسىردىن كېتىش ئۈچۈن كلېئوپاترانى قانداق قايىل قىلىش مەسىلىسى تۇراتتى.

—كلېئوپاترا، مەن ...

—ياق، بولدى، سۆزلىمەڭ، نېمە دېيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. بولدى، ئاڭلىغۇم يوق. قايتىپ كېتىمەن دېمەكچى، شۇنداقمۇ؟ فوروبىيە ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىسىز، ئوكتاۋىدىن ھېساب ئالىسىز، شۇنداقمۇ؟

—ئوكتاۋىدىن؟ ياق، مۇشۇلا ئەمەس. مەن ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى ئۇنۇتۇپ قالدىم. پېرسىيىگە يۈرۈش قىلىدىغان ئىشلىرىم بار. پېرسىيىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن چوقۇم مۇشۇ يەرگە يېنىپ كېلىمەن.

—ياق. بۇ گەپكە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇ چاغدا سىز رىمغا قايتىسىز، رىمغا بېرىپ خەلقىڭىزنىڭ ئالقىشىنى قوبۇل قىلىسىز.

—ياق، سىز خاتا ئويلاۋاتىسىز! مەن مۇنداق جەننەتتەك يەرنى تاشلاپ رىمغا كېتەمدىم؟ پېرسىيىنى ئېلىش مېنىڭ ۋەزىپەم. ۋەزىپەمنى ئورۇنداپ بولسام، رىمغا تارتىشىدىغان ھېچقانداق ئىشىم قالمايدۇ.

—ياق، بۇ گېپىڭىزگە ئىشەنمەيمەن.

—ئەجەب گۇمانخور ئىكەنسىز. گاجۇرىنىڭ ئەۋلادلىرى ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدۇ. ھەتتا رىم چەۋاندازى بولۇش سۈپىتىم بىلەن دېيەمەنكى، مەن ...

—ياق، ئېغىزدىكى گەپكە مەن ھەرگىز ئىشەنمەيمەن.

—ماقۇل ئەمىسە، بۇ قېتىم مىسىرغا كەلگەندە چوقۇم پادىشاھ كلېئوپاترا بىلەن توي قىلىمەن، دەپ مىسىر خەلقى ئالدىدا قەسەم ئىچىپ بېرەي.

—ھە، بۇ گېپىڭىز بولىدۇ. قېنى، ئەمىسە خالايىقنىڭ ئالدىدا قەسەم ئىچىڭ.

ئانتونى پادىشاھ كلېئوپاترانىڭ قولىنى شۇنداق تۇتتۇۋېدى، باياتىن بېرى پادىشاھ ئارقىسىغا سېلىۋالغان بىر يىلپىز تۇيۇقسىز يېرتقۇچلۇقى تۇتۇپ، خۇددى ھېلىلا ئادەمگە ئېتىلىدىغان ئەلپازدا قانلىق ئاغزىنى يوغان ئاچتى. ئانتونى بۇنى كۆرۈپ دەرھال كېلئوپاترانىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ،

يېنىدىن شەمشىرنى چىقىرىپ يىلپىزنىڭ ھۇجۇمىغا تەييار بولۇپ تۇردى.

كېلىئوپاترا چىقىراپ تاشلىدى چۈنكى يىلپىز ئانتونىنىڭ شەمشىرنى چىشلىۋالغانىدى. ئانتونى كۆچەپ تارتىۋېدى، شەمشەر سۇنۇپ كەتتى، ئانتونى دەرھال ئېسىنى تېپىپ ياندا تۇرغان يوغان مىس چىراغ بىلەن يىلپىزنىڭ بېشىغا ئۇردى. چىراغمۇ كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ كەتتى، يىلپىزمۇ باش ـ كۆزى قانغا بويۇلۇپ نەق مەيداندىلا جان بەردى.

بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلاپ ئوردىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئانتونى ئاشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇلارغا دەيدىغان گېپىنى دېدى، پېرسىيگە بارمىسا بولمايدىغان سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

——پېرسىيىنى ئالغاندىن كېيىن چوقۇم مىسىرغا قايتىپ كېلىمەن، كېلىپ پادىشاھ كلېئوپاترا بىلەن توي قىلىمەن ھەم مىسىردا ئەبەدى قالىمەن.

## رىمدا

ئانتونىنىڭ ئىنىسى روشيا پاناھلىق تىلەپ بارغان دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ ئاتامانى پومپېي ئۆز ۋاقتىدا رىمنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى تۇتقان گنائىي پومپېينىڭ ئوغلى ئىدى. گنائىي پومپېي قەيسەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن ئوغلى پومپېي دېڭىزغا چىقىپ كېتىپ سىتسىلىيە ئارىلىنى ئىگىلىۋالدى. ئۇ بىر ئامال قىلىپ رىمنى قايتۇرۇۋېلىپ ئاتىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قايتىدىن تىكلەش نىيىتىدە ئىدى. ئۇنىڭ كۈچىنى بوش چاغلىغىلى بولمايتتى، ئادەملىرىنىڭ ئىچىدە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىغان مېنا، مېناكىللاردەك باتۇرلار بار ئىدى.

بىر كۈنى رىمدىكى ئوكتاۋىنىڭ قەسرىدە ئوكتاۋى رىمنىڭ ئۈچ ھۆكۈمرانىنىڭ بىرى بولغان لېپىدۇ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ پومپېيغا قانداق

تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

—كىر! —ئوكتاۋى رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن بىر ياساۋۇل كىرىپ ئۇنىڭغا مەلۇمات يەتكۈزدى:

—جانابلىرى، پومپېينىڭ ھەربىي كېمىلىرى دەريا قولتۇقى بويلاپ بۇياققا كېلىۋېتىپتۇ. دەسلەپكى تۇتۇشۇش جېڭىمۇ بوپتۇ ... دۈشمەننىڭ لەشكىري كۈچىنى تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ. كۈچلۈك بولۇپلا قالماستىن، پەملىك، چېۋەر ئىكەن. ئادەملىرىمىزنى بەرداشلىق بېرەلمەيدىكەن دېگەن قاراش بار. قوشۇنىمىزدىكى بەزى ئەسكەرلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ پومپېيغا تەسلىم بولۇپ كېتىش خەۋپىمۇ بار ئىكەن.

ئۇ مەلۇماتنى تۈگىتىپ قەسىردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كەينىدىن يەنە بىرى كىردى.

—جانابىڭىزغا مەلۇم بولغايكى، — دېدى ئۇ، —مېنا، مېناكىل دېگەن دېڭىز قاراقچىلىرى رىمغا كىرىدىغان بارلىق سۇ يوللىرىنى قامال قىلىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ھېچقانداق كېمە ئۆتەلمەيدىكەن. دەريا بويىدىكى ئاھالىلەر ئۇلاردىن قورقۇپ ئارامىدا ياشىيالمايۋېتىپتۇ. ياشلىرى پومپېينىڭ نامىنى يوغان بىلىپ ئۇلارنىڭ سېپىگە قېتىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

ئوكتاۋى بىلەن لېپىدۇ بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ. ئەمدى بۇنىڭغا بىر ئامال قىلماي بولمايدۇ.

—ئانتونى، ھەي ئانتونى! نېمە قىلىپ يۈرىدىغانسەن —ھە!؟ قەيسەر ساڭا ئوغلىدەك ئامراق ئىدى، دۆلەتنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەندە مىسىرغا بېرىپ يېتىۋېلىپ، تاماشا قىلىپ يۈرگىنىڭنى قارىمامدىغان! — ئوكتاۋى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى پۇت تېپىشىپ يۈرگەن سىياسىي رەقىبى ئانتونىنى ئەسلەپ ئۆزىچە ئاغرىندى.

لېكىن، ئانتونى قايتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، خوتۇنى فۇرۇبىيىنىڭ ئۆلگەنلىكنى، ئىنىسىنىڭ جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنلىكنى ئاڭلىسا،

يەنە ئۇنىڭ كەتمىنىنى چېپىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنى ئويلىغاندا ئوكتاۋىنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ غەش بولدى.

ــــ ھە، ئەمدى ئانتونىنىڭ قەدرى ئۆتۈلدىمۇ؟ ...

لېپىدۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئوكتاۋىنىڭ تەرى تۈرۈلدى:

ــــ خۇددى مەن ئانتونىنى ھەيدىۋەتكەندەك گەپ قىلىسەنغۇ؟

ــــ ياق، مېنىڭ نىيىتىم ئۇنداق ئەمەس ... ئەسلى ئۈچىمىز ئوبدان ئۆتكەن بولساق ياخشى بولاتتى. ئۈچىمىز داڭقانىڭ ئۈچ پۇتىغا ئوخشاش. بىر پۇتى سۇنسا داڭقان ئۆرۈلمەي قالمايدۇ.

ــــ ئەمدى بۇ گەپنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، ياخشىسى جەڭگە ھازىرلىنايلى!

ــــ بىزنىڭ كۈچىمىز زادى قانچىلىك، بىر تەكشۈرۈپ باقاي، ــــ لېپىدۇ شۇنداق دەپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوكتاۋى قول ئاستىدىكىلىرىگە دەرھال جەڭگە تەييارلىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

## مەسلىھەت

ئالېكساندىرىيىدىن چىققان ئانتونىنىڭ كېمىسى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا غەربكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. مەنزىل كىلىكىياغا ئەمەس، رىمغا ئىدى. بىر چاغدا بىر سىپاھ كېلىپ:

ــــ سەردار جانابلىرى، ئالدىمىزدا ئىككى - ئۈچ ھەربىي كېمە كېلىۋاتىدۇ. بىز تەرەپنىڭمۇ ياكى دۈشمەنىڭمۇ بىلەلمىدۇق، ــــ دېدى.

قېنى؟ قەيەردە؟ ــــ ئانتونى كېمىنىڭ بېشىغا كېلىپ ئالدى تەرەپكە قارىدى - دە، ــــ ئىش چاتاق، قاراقچىلار كېمىسىدەك تۇرىدۇ، يېقىنراق بارغاندا مەلۇم بولۇر، ــــ دېدى.

ئارىلىق يېقىنلاشقاندا ھېلىقى ئۈچ كېمە دەرھال تارقىلىپ ئانتونىنىڭ كېمىسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. بۇنى كۆرۈپ سىگۇرا ئۇلارغا ۋارقىرىدى:

ــــ سەنلەر كىم؟ ئەجەب ئەدەبسىزلىك قىلىشىسەنغۇ! ــــ ئۆزۈڭ دېيىشىپ باقە، سەنلەر كىم؟

ــــقارشى تەرەپتىكى كېمىنىڭ باشلىقى ئۇلارغا ئالىيىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى.

ــــبۇ رىم سەردارى ئانتونىنىڭ كېمىسى. سەنلەر قاراملىق قىلىشما!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قارشى تەرەپنىڭ باشلىقى سەل پىتىدىن چۈشكەن بولسىمۇ، يەنە چاندۇرماي مۇنداق دېدى:

ــــئانتونىنىڭ؟! ئۇنداقتا، كاتتا گەپقۇ. ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ ئاتامانىمىز پومپېينىڭ ئالدىغا ئاپارساق چوڭ ئىنئام ئالغۇدەكمىز ئەمىسە.

ــــتوغرا دۇرۇس!

ــــئۇنى ئۇجۇقتۇرايلى!

قارشى تەرەپ كېمىسىدىكى لەشكەرلەر ھېلىلا ئانتونىنىڭ كېمىسىگە سەكرەپ چۈشىدىغان ئەلپازدا نەيزە ـ قالقانلىرىنى راسلاپ تەق بولۇشتى.

ــــياق ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار. يەڭگىللىك قىلماي، ئاۋۋال سەر ـ كەردە مېنادىن يولىيورۇق سوراپ باقايلى، ــــ ئۇلارنىڭ باشلىقى تەمكىن ـ لىك بىلەن شۇنداق دەپ كېمىلىرىنى باشلاپ كېتىپ قالدى. ئانتونىنىڭ كېمىسىدىكىلەر ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىغا ھەيران قالغان بولسىمۇ، توختاپ قالماي داۋاملىق ئىلگىرىلەۋەردى. رىمغا ئاز قالغان چاغدا ئەتراپتا تولۇق قوراللانغان نۇرغۇن ھەربىي كېمىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

«رىم مۇھاسىرىگە ئېلىنىپتۇ ـ دە!» دېدى ئانتونى ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ.

غەلىتە يېرى شۇكى، ئانتونىنىڭ كېمىسىنى ئۇلار پەقەت توسمىدى.

«ئۇلار بىزنى ئەجەپ توسمىدىغۇ؟ ــــ ئويلىدى ئانتونى، ــــ بىر سۈيىقەستى بارمۇ يا؟ ... لېكىن پومپېي ئۇنداق قىلماس، نېمىلا دېگەن بىلەن كىچىكىمىزدىن تارتىپ بىللە ئۆسكەن.»

شۇ چاغدا قارشى تەرەپنىڭ بىر كېمىسى ئۇلارغا ئىتتىك يېقىنلاشتى، كېمىنىڭ ئۇلارغا قارىغان تەرىپى پۈتۈنلەي قالقانلار بىلەن توسالغان، لېكىن نەيزىلەر چۈشۈرۈلگەنىدى. دېمەك ئۇلاردا دۈشمەنلىك نىيىتى يوق. بۇنى كۆرۈپ ئانتونى ئادەملىرىگە بۇيرۇق قىلدى:

ــــنەيزىلەرنى چۈشۈرۈڭلار!

بۇ گەپ بىلەن تەڭلا قارشى تەرەپ كېمىسىدىكى قالغانلارنىڭ ئارىسىدىن ئاق ساۋۇت ـ دوبۇلغىلىق بىر يىگىت چىقتى.

ــــتىنچلىقمۇ، ئانتونى!

ئانتونى سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭ داڭدار پومپېي ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

— ھوي، سەنمىدىڭ! ئۇزۇن يىل بوپتۇ كۆرۈشمىگىلى. رىمنى مۇھاسىرىگە ئالغان سەنمۇ؟

— سېنىڭ كېلىۋاتقانلىقىڭنى مېنانىڭ ئادەملىرى ماڭا خەۋەر قىلغان. بۇ يەرگە ساڭا بىر مەسلىھەت بېرىپ قوياي دەپ كېلىشىم.

— نېمە مەسلىھەتىڭ بولسا دەۋەرگىن، بىز كونا ئاغىنىلەر ئەمەسمۇ.

— ئاۋۋال سەندىن سوراپ باقاي، رىمغا نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭ؟

— رىمنى خەتەردىن قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن!

— ئوكتاۋىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن دېگىنە! توۋا، بەختسىزلىكىڭ ئۈچۈن كۆلىدىغان، ساڭا ئورا كولاشنىڭلا قەستىدە يۈرىيدىغان ئوكتاۋىنى دەپ، مەندەك قەدىناس دوستۇڭ بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇۋاتامسەن؟

— مەن سەن بىلەن ئۇرۇشمايمەن. بىر ئامال بىلەن لېپىدۇنى قايىل قىلىپ سەن بىلەن ياراشتۇرىمەن.

— شۇنداقمۇ؟! لېكىن، بىز ئۇلار بىلەن ياراشمايمىز. ئوكتاۋىنى مەغلۇپ قىلىشقا ئىشەنچىمىز كامىل.

— بۇنى بىلىمەن.

— ساڭا دەپ قوياي، ئوكتاۋى تولكىدىنمۇ ھىيلىگەر، تۇزاققا چۈشۈپ كەتمە. ياخشىسى، مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇنى يوقىتىۋەت. بۇ سەن ئۈچۈن پايدىلىق.

— ئانتونى بۇ گەپنى ئاڭلاپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى.

— بىلىپ قوي، ئۇ خوتۇنۇڭنىڭ بېشىغا چىققان دۈشمەن!

شۇ چاغدا ئانتونىنىڭ ئىنىسى روشىيا ئورنىدىن تۇرۇپ توۋلىدى:

— ئاكا! مەن سېنى بەك سېغىندىم. ئوكتاۋى بىلەن ھەرگىز ياراشماسلىق كېرەك. ئەگەر سەن شۇنداق قىلمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالساڭ، ھازىرلا سۇغا سەكرەپ ئۆلۈۋالىمەن.

— توختا، ئالدىراقسانلىق قىلما. مېنىڭمۇ ئويلاۋاتقان بىر يېرىم بار. بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بەر. پومپېي، خۇش ئەمىسە، ئۇكامغا ئوبدان قاراپ قويارسەن!

ئىككى كېمە بىر ـ بىرىدىن يىراقلاپ ھەرقايىسسى ئۆز يولىغا راۋان بولدى.





## ئۈچ كاتتىۋاشنىڭ سۆھبىتى

ئانتونىنىڭ كېمىسى رىم پورتىغا كىرىپ توختىدى. ھەممەيلەن ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى.

ئانتونى رىم شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا بارگاھ قۇرۇپ ئادەملىرىنى جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئېنوبابانى ئېلىپ لېپىدۇنىڭ قەسرىگە ماڭدى. بۇ چاغدا قۇياش ئولتۇرۇپ كۇگۇم چۈشكەنىدى ۋەھىمە ۋە تىنچسىزلىق ھۆكۈم سۈرگەن كوچىلاردا بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. شەھەردە لەشكەرلەر بىلەن ئەركەك پۇقرالار، يەنە ئاز ساندىكى كاج ئادەملەرلا قالغان بولۇپ، ئاياللار بىلەن باللار سەھرالارغا چىقىپ كەتكەنىدى.

لېپىدۇ ئوكتاۋىنىڭ قەسرىدىن قايتىپ كېلىپ ئەمدىلا تاماق يەپ ئولتۇرغاندا:

——لېپىدۇ! لېپىدۇ! —— دېگەن بىر تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ بۇنىڭ ئانتونىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى تونۇپ خۇددى ئېغىر كۈندە خىزىرغا يولۇققاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

ئۇ بايا ئوكتاۋى بىلەن ئەتە بىللە جەڭگە چىقىش ھەققىدە كېلىشىپ قويغىنى بىلەن، لېكىن يۈرىكى پوك ـ پوك ئىدى. پومپېينىڭ كۈچى ئاز ئەمەس، جەڭ باشلانغان ھامان رىم ئوت دېڭىزىغا ئايلىناتتى. ئەگەر ئۆزلىرى تەرەپ مەغلۇپ بولسا، بىر ئوكتاۋىلار ئەمەس، يەنە ئۆزىمۇ، جەمەتىمۇ، قول ئاستىدىكىلىرىمۇ ئۇدۇل جەھەننەمگە سەپەر قىلاتتى. مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتە ئانتونىنىڭ كېلىپ قالغىنى چوڭ خۇشاللىق ئەمەسمۇ!

——ۋاي، ئانتونى، راستلا قايتىپ كەلدىڭمۇ، ھوي! ——دېگىنىچە

لىپىدۇ ئالدىغا بېرىپ ئانتوننى مەھكەم قۇچاقلىدى، —— رەھمەت ساڭا، رەھمەت! سەن قايتىپ كەلدىڭ، ئەمدى رىم قۇتۇلدىغان بولدى. ھازىرلا ئوكتاۋىننىڭ قېشىغا بېرىپ ئەتكى جەڭنىڭ پىلانىنى تۈزۈۋالايلى. سەن، مەن، ئوكتاۋى ئۈچىمىز رىمنىڭ تۈۋرۈكى. بىز بولساقلا رىم ئامانلىق تاپالايدۇ. ئۈچىمىز ئىناق ئۆتۈشىمىز كېرەك. ھەربىرىمىز ئۆز سەنىمىزگە دەسسەپ، بىر - بىرىمىز بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۈرسەك بەكمۇ ئەخمىقانىلىق قىلغان بولىمىز. بۇنى مەن ئوكتاۋىغا دېدىم. ئۇمۇ چۈشەندى. سەنمۇ بۇنى چۈشەن! ——لىپىدۇ بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىگىلى تۇرۇۋېدى، ئانتونى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

——توختا، لىپىدۇ، مەن سەن ئۈچۈن جەڭ قىلغىلى كەلدىم

——نېمە؟ تولا چاقچاق قىلما ئەمىسە، نېمشقا قايتىپ كېلەتتىڭ؟ مەن سېنى چۈشىنىمەن. سەن رىمنى قىزغىن سۆيىسەن. گەرچە مىسىرنىڭ ئايال تۈلكىسى سېنى بىر مەزگىل ئالداپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن سەن ۋەتەننىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، ئۇنىڭدىنلا ئەمەس، ھەتتا بالا - چاقىلىرىڭدىنمۇ كېچەلەيدىغان مەردانە يىگىت. ئوكتاۋىمۇ بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ يوغانچىلىق قىلىپ بەزىبىر قاملاشمىغان گەپ - سۆزلەرنىمۇ قىلىپ قويغىنى راست، شۇنداقتىمۇ ئۇ سېنىڭ يولۇڭغا تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ. مۇشۇنداق خەتەرلىك ۋەزىيەتتە رىمنى سەندىن باشقا ھېچقانداق ئادەم قۇتقۇلدۇرالمايدۇ، ——لىپىدۇ سۆزلەۋېتىپ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

——ماڭا شۇنچە ئىشەنگىنىڭلارغا رەھمەت. راست، سەن دېگەندەك، مەن قەيسەر قورغان رىم دۆلىتىنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالمايمەن. شۇڭا قايتىپ كەلدىم.

——توغرا، مەنمۇ دەل مۇشۇنداق ئويلىغان.

——لېكىن پومپىيمۇ رىملىق. ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئىچكى ئۇرۇش قىلغانلىق. رىملىقلارنىڭ رىملىقلارنى قىرىشىدىنمۇ ئۆتە ئەخمىقانە ئىش بولامدۇ؟ شۇ تاپتا پارسلار بىزگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. غەربتىكى گالللولارنىڭ كۈچىنىمۇ بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ ...

—ئەمسە، قانداق قىلىش كېرەك؟

—پومپېي بىلەن يارىشىش كېرەك!

—پومپېي بىلەن؟ ھوي، پومپېي بىزنى يوقاتماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ رىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قولغا ئالماقچى. تېخى رىمغا پادىشاھ بولۇش نىيىتىمۇ بولۇشى مۇمكىن! ئۇ تېخى بىز بىلەن يارىشامدۇ؟

—مەن يولدا پومپېي بىلەن ئۇچراشتىم.

—پومپېي بىلەن؟

—ھەئە. پومپېي بىلەن ئىككىمىز كىچىكىمىزدە بىللە ئۆسكەن. ئۇ مېنى ئۆزىگە يېقىن كۆرىدۇ.

—سەنچۇ؟

—مەنمۇ ئۇنى ئۆزۈمگە يېقىن كۆرىمەن. شۇڭا بۇ ئىشقا مەن قول ئاستىمدىكى ئېنوبابانى ئىشقا سالىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم بۇ ئىشنى قاملاشتۇرالمايدۇ.

لېپىدۇ ئانتونىنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

—بولىدۇ، —دېدى، —قوشۇلىمەن. مېنىڭمۇ ئۇرۇش قىلغۇم يوق. ئىش تىنچلىق بىلەن ھەل بولسا ھەممىمىزگە ياخشى. مېنىڭ باشقا گېپىم يوق. لېكىن ئوكتاۋى نېمە دەيدۇ. ئىككىمىز بېرىپ ئاڭلاپ باقايلى.

ئانتونى ئېنوبابا بىلەن لېپىدۇنى ئېلىپ ئوكتاۋىنىڭ قەسرىگە ماڭدى.

ئوكتاۋى ئانتونىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەم ھەيران قالدى، ھەم ئەمدى نىجاتلىق تاپىدىغان بولدۇق، دەپ خۇشاللاندى. بۇ چاغدا ئۇ مەسلىھەتچىسى ئاكىلىا بىلەن مۇداپىيە ئىشلىرى توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتقان ئولتۇراتتى. ئۇ مېھمانلارنى سارايغا باشلاشنى بۇيرۇپ كەينىدىنلا ئۆزىمۇ كىردى ۋە گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئانتونىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەجەب ئوبدان قايتىپ كەپسەن، — دېدى — دە، كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى. ئانتونى ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

—قارشى ئالغىنىڭغا رەھمەت، — دېدى.

—ئولتۇرۇڭلار.

—قېنى، ئۆزۈڭمۇ ئولتۇر.

بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۈچ كاتتىۋاش ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. ئېنوبابا بىلەن ئاكىلىبا ئۇلارنىڭ كەينىدە ئۆرە تۇردى. ئالدى بىلەن لېپىدۇ سۆز باشلىدى.

—ئىككىڭلارغا بىر گەپنى دەپ قوياي. ھازىر ئۆز كېپىمىزنى يورغىلىتىپ بىر ـ بىرىمىزگە ئاچچىق قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس. كىچىك ئىشلاردا ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالمىساق، چوڭ كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ چىقىدۇ. ئالدىمىزدا چوڭ ئىشلار تۇرۇپتۇ. شۇڭا تەگىشىدىغان ئىش قىلمايلى، قانداق؟

—توختا، — دېدى ئانتونى، — مەنمۇ بىر گېپىمنى قىلىۋالاي. ئۆزىڭىز كىچىك ئىش، لېكىن خېلى ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلغان ئوخشايدۇ. ئاڭلىسام، مىسىردا مەلۇم ۋاقىت تۇرغىنىمغا سەن بەك خاپا بولغان ئوخشايسەن، ئوكتاۋى.

—يوق گەپ، — دېدى ئوكتاۋى، — مىسىردا مەڭگۈ تۇرساڭمۇ ماڭا نېمە دەخلىسى. مەن رىمدا تۇرسام ساڭا دەخلىسى بولمىغاندەك بىر ئىش بۇ. لېكىن، مېنىڭ زىيىنىمغا ئىش قىلساڭ، ئەلۋەتتە، مەن جىم تۇرالمايمەن.

—زىيىنىڭغا نېمە ئىش قىلدىم؟

—ماڭا ئۇرۇش ئېلان قىلدىڭغۇ؟

—چۈش كۆرگەندەك گەپ قىلىۋاتىسەنغۇ! نەدە ئۇنداق قىلدىم؟

—رەسمىي جەڭ ئېلان قىلمىغىنىڭ راست، لېكىن خوتۇنۇڭ بىلەن ئىنىڭنى كۈشكۈرتۈپ قويدۇڭ، ئۇلار يوقۇلاڭ باھانىلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ مەن بىلەن ئۇرۇشتىغۇ؟

—پۇتۇنلەي خاتا چۈشىنىپسەن، بولدى، ساڭا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمايمەن.



—چۈشەندۈرەلمەيمەن دېگىنە؟
—بولدى، بولدى، تالاشماڭلار ھازىر تاكاللاشماي، ھەمكارلىشىدىغان ۋاقىت ... — دېگىنىچە لېيىدۇ ئىككىلا تەرەپنى باستى.
شۇ چاغدا ئوكتاۋىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئاكىلبا لېيىدۇنىڭ قېشىغا كېلىپ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇ پىچىرلىدى.

## يارىشىش

ئاكىلبانىڭ پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلاپ لېيىدۇ دەسلەپتە سەل ئويلىنىپ قالدى، كېيىن چۈشىنىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە:
—ھە، بولىدىغان چارە ئىكەن، — دېدى، —ھەر ھالدا دانىشمەن دېگەن ئاتىقىڭغا چۈشلۇق ئەقىل كۆرسەتتىڭ. ئۇلارنى ياراشتۇرىدىغان بۇنىڭدىن ئوبدان چارە يوق.
ئۇ ئىككى كاتتىۋاشقا يۈزلىنىپ سىلىق گەپ باشلىدى، ئاھاڭى بايامقىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى.
—مەن گەپ قىلىپ باقاي، ئاڭلاپ بېقىڭلار، ئاكىلبا ماڭا ھازىر بىر ئامال كۆرسەتتى. ئىككىڭلارنىلا قوشۇلىدۇ، دېگەن ئۈمىدتىمەن. سىلەر ئىككى جەمەت ئۈزۈندىن بۇيان چىقىشالماي يۈرسىلەر، سەۋەبى ئىككىڭلارلا كۈچلۈك، ئاراڭلاردا پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار. شۇڭا ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا قاينىمايۋاتىدۇ. تېگىڭلارنى سۈرۈشتۈرسەك، ئوكتاۋى قەيسەر جىيەنى، ئانتونىنمۇ قەيسەرنىڭ ئوغلىدەك ياخشى كۆرەتتى. ئانتونى قەيسەر ئۈچۈن جەڭ قىلىپ برۇتنى يوقاتقان. شۇڭا ئىككىڭلارلا بىر - بىرىڭلارنى چۈشىنىپ ئۆزئارا ياردەمدە بولۇشىڭلار كېرەك ... ئەمدى ئاكىلبانىڭ كۆرسەتكەن مەسلىھەتىنى دەپ باقاي. ئوكتاۋىنىڭ ئاچىسى ئوكتاۋىيا ھازىر تۇل، ئانتونىمۇ يېقىندا خوتۇنىدىن ئايرىلىپ بويتاق بولۇپ قالدى. ئەگەر ئىككىڭلار ئەر - خوتۇن بولۇپ قالساڭلار، بۇنىڭ ئىككى جەمەتكە، رىم ئىمپېرىيىسىگە پايدىسى ئىنتايىن

زور بولىدۇ ...

— سەردار ئانتونى، — دېدى ئاكىلبا سۆز قىستۇرۇپ، — ئۇكتوۋيا ناھايىتى ئەخلاقلىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئايال، چىرايلىقلىقىغىمۇ سۆز كەتمەيدۇ. ئىككى جەمەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بۇ توينى چوقۇم قىلساڭلار.

بۇ تۇيۇقسىز تەكلىپتىن گاڭگىراپ قالغان ئۇكتاۋى بىلەن ئانتونى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىر ھازاغىچە شۈكلەپ كېتىشتى.

— ئۇكتاۋى، سېنىڭ پىكرىڭ قانداق؟

لېپىدۇنىڭ زورى بىلەن ئۇكتاۋى جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولدى:

— مەن نېمە دېيەلەيتتىم، بۇنىڭغا ئاچام بىر نېمە دېسە بولىدۇ.

— خۇش، سەردار ئانتونى، سېنىڭ پىكرىڭچۇ؟

— مەنمۇ نېمە دېيەلەيمەن. ئۆزۈڭ بىلىپ بىر نېمە دېمەمسەن.

— ماقۇل، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن. مەلىكە ئۇكتوۋيا قوشۇلسىلا، توي چوقۇم بولىدۇ ئەمىسە. ئاكىلبا سەن مەلىكە بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنى بۇ تويغا ماقۇل كەلتۈر، ماقۇلمۇ؟ — لېپىدۇ ئاكىلباغا بۇيرۇيدىغاننى بۇيرۇپ بولۇپ، ئاندىن ئىككى كاتتىۋاشقا سۆز قىلدى، — ئەمدى ئىككىڭلار تۇغقان بولۇشىدىغان بولدۇڭلار. سۆھبەتمۇ ئەمدى ئۇتۇقلۇق بولىدۇ.

— پومپېينىڭ قۇرۇقلۇقتا قانچىلىك لەشكىرى بار ئىكەن؟ — سورىدى ئانتونى.

— جىق، يەنە كېلىپ كۈنسېرى جىقىيىۋاتىدۇ. يەنە دېڭىز بويلىرىنىمۇ تىزگىنلىۋالدى، — ئۇكتاۋى ئۇھ تارتىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بايام ئاكىلبا بىلەن پىكىرلىشىپ بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنالمايدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق. شۇڭا روھىم چۈشۈپ ئولتۇرغانىدىم.

— بىزنىڭ لەشكىرىي كۈچىمىز قانچىلىك؟

— دېڭىز قولىمىزدىن كەتتى. قۇرۇقلۇقتىكى لەشكەرلىرىمىز دۈشمەننىڭكى يېرىمىغا يەتمەيدۇ. قېچىپ كېتىۋاتقان لەشكەرلىرىمىزمۇ كۈنساناپ كۆپىيىۋاتىدۇ. ئانتونى، ئاساسىي كۈچۈڭ ھازىر قەيەردە؟

ـــ كىلىكىيادا پارسلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتىدۇ. دۈشمەنلەرنىڭ ئاتاما- نى رابىنا ناھايىتى يامان نېمە، ئەگەر ئۇ يەردىكى لەشكىرىي كۈچىمىزنى ئازايتساق، ئۇلار ھۇجۇم قىلىپ ھەش - پەش دېگۈچە رىمغا يېقىنلىشىۋا- لىدۇ. ئۇلارنى پومپېينىڭ قوشۇنىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇلار رىمنى تۈپتۈز قىلىۋېتەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە.

ـــ ئۇنداقتا، لەشكەر يۆتكەپ كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىش ئىكەن. دېگىنىز ئارمىيەگىچۇ؟

ـــ ئاسىيانى ساقلاۋاتىدۇ.

ـــ يۆتكەپ كەلگىلى بولمامدۇ؟

ـــ بولمايدۇ. ئاسىيا مۇداپىئەسى بوشاشتۇرۇلسا، پارسلار ئۇ يەردىكى دۆلەتلەرنى بېسىۋېلىپ، ئۇ يەردىن ئۆزىگە لەشكەر توپلاپ كېلىپ رىمنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

ـــ قۇرۇقلۇق دېڭىز ئارمىيىلىرىنى يۆتكىگىلى بولمايدۇ دېگىن. ئۇن- داقتا، يېنىڭدا قانچىلىك لەشكەرلەر بار؟

ـــ بەش يۈزچە.

ـــ ئەمىسە ئىش چاتاق ئىكەن! پومپېي دېڭىز يولىنى ئىگىلىۋالغاچقا، جەنۇبىنىڭ ئاشلىقىنى يۆتكىگىلى بولماي، رىملىقلار ئاچارچىلىقتا قالدى. ئەمدى ئىككىلەنمەيلى، يا ئۆلۈم يا كۆرۈم!

ـــ يېڭىشكە ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

ـــ راستىنى دېسەم، ئىشەنچىم يوق.

ـــ ئەمىسە بىزگە پومپېي بىلەن سۈلھى قىلىشتىن باشقا ئامال يوق ئىكەن.

ـــ مۇشۇ ئەھۋالدا ئۇ ماقۇل دەرمۇ؟

ـــ ئامال چىقىدۇ.

بايىدىن بېرى ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان لېپىدۇ سۆزىگە ئارىلاشتى:

ـــ ئانتونى پومپېي بىلەن كىچىكىدىن تارتىپ بىللە چوڭ بولغان- كەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوكتاۋىنىڭ چىرايىدا ئەندىشە ئالامىتى پەيدا بولۇۋىدى، ئانتونى پەرۋا قىلمايلا سۆزىنى قىلىۋەردى:

—پومپىينى ئالداپ كەتكىلى بولىدۇ. قوشۇنىمىز پارسلارنى يەڭ-دى، يېقىندا قايتىپ كېلىدۇ، ئاسىيا تەرەپتىكى دېڭىز ئارمىيىمىزنىمۇ يۆتكەپ كېلىمىز دەيمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىز بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

—ھە، بۇ بولىدىغان ئامال ئىكەن! — دېدى ئوكتاۋى بېشىنى لىڭشىتىپ.

ئۇلار پومپېي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئېنوبابانى ئەۋەتىدىغان بولۇپ كېلىشتى. ئەمدى مەلىكە ئوكتوۋيانىڭ ئىشى قالدى. بۇ ئىشنى ئاكىلىبا تاپقان، شۇڭا ئۆزى قىلىشى كېرەك - دە.

—بۇ ئىشنى ئەمىسە ساڭا يۈكلىدۇق، — دېدى ئوكتاۋى، — ئاچامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ رازىلىقىنى سوراپ باق. ئاچام ماڭا بەك ئامراق، مەنمۇ ئۇنى بەك ھۆرمەت قىلىمەن ... —ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئىككىلىنىپ قالدى. ئەمدى قاراپ تۇرۇپ ئاچىسىنى بىر شارابخورغا بېرىدىغان ئىشمۇ!؟

ئاكىلىبا نىيەت قىلغان ئىشقا ھەر ئامال بىلەن يەتمەي قويمايدىغان ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى قەستەن سەزمىگەنگە سېلىپ چورتلا جاۋاب بەردى:

—خوپ، جانابلىرى. مەن چوقۇم مەلىكىنى قايىل قىلىپ ھەرقاي-سىڭلارغا خۇش خەۋەر ئەكىلىمەن.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ ئېنوبابا بىلەن سارايدىن بىللە چىقتى.

—ئېنوبابا، ئوبدان ئىشلەيلى. سېنىڭ ۋەزىپەڭ ناھايىتى ئېغىر، مېنىڭ ۋەزىپەممۇ يەڭگىل ئەمەس، بۇ جەمئىيەتتە مەرتىۋە ناھايىتى مۇھىم. مۇشۇ پۇرسەتتە يۇقىرىغا يامىشىپ چوڭراق ئەمەلنىڭ پېشىنى تۇتۇش

كېرەك.

—ئاكىلبا، مېنىڭ سەندەك نىيىتىم يوق. مەن ئەمەل قوغلاشمايـ ـمەن. مەن ئانتونىنىڭ مەردانىلىكىگە قايىل. شۇڭا ئۇنىڭ خىزمىتىنى بەجانىدىللىق بىلەن ئىشلەيمەن. پومپېي دېگەن پور سېمىزنى ئەيۋاشقا كەلتۈرسەملا بولدى ... ئالدى بىلەن بىرىنچى قەدەمدە ئۆسەك تارقىتىدىـ ـغان ئىش ... ئىشقىلىپ، پالاقشىيدىغان ئىشلار خېلى بار.

—شۇنداق قىلىپ، سەن سىرتقا بارسەن. مەن ئىشىمنى مۇشۇ قەسرنىڭ ئۆستۈنكى قەۋىتىدىلا پۈتتۈرىمەن.

— مەلىكە كەتمىدىمۇ؟

—نېمىلا دېگەن بىلەن ئوكتاۋىنىڭ ئاچىسى ئەمەسمۇ، ئۆرۈشتىن قورقۇپ رىمنى تاشلاپ كەتمىدى. باتۇر ئايالكەن، ئۆزى مۇلايىم، ۋاپادار، گۈزەل. ئانتونىنىڭ راست تەلىيى چىقتى جۇمۇ.

—ھە، مۇنداق دېگىن، ئۇنداقتا بىزنىڭ سەردارغا تازا لايىق ئىكەن، بۇمۇ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى. ماقۇل، مەن ماڭاي، ئاكىلبا، خوش ئەمىسە!

ئېنوبابا سۆزىنى تۈگىتىپ كېتىپ قالدى. ئاكىلبا ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ پەلەمپەي تەرەپكە ماڭدى. كاللىسىنى ئوكتوۋيا بىلەن كۆرۈشكەندە نېمە دېيىش ھەققىدىكى خىياللار چۇلغىۋالدى. ھەي، قانداق ئويلىغاندىمۇ بۇ توي ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئاسان ئىش ئەمەس. مەلىكە ئوكتوۋيا ئانتونىنىڭ مىسىردا قىلىپ يۈرگەن ئىشقىۋازلىقلىرىنى ئاڭلىغان. ئەگەر گەپنى ئۇدۇللا قويسا، ئۇ ياق دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگەيدۇ. ئالدى بىلەن قۇلاققا ياقىدىغان گەپ قىلىش كېرەك. باتۇرلارغا دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق ئاياللارلا تېگەلەيدۇ، بۇ جاھاندا ئانتونىغا سىزدىن لايىق ئايال يوق، دېيىش لازىم!

ئاكىلبا مۇشۇنداق خىياللار بىلەن مەلىكە ئوكتوۋيانىڭ ئۆيىگە چىقتى

ۋە قەتئىي قارارغا كېلىپ ئىشىكنى چەكتى.

——ئاكىلا 鎌 ا كەپتۇ،—— دېدى كېنىزەك قايتىپ كىرىپ مەلىكىگە.

——باشلاپ كىر.

كېنىزەك ئىشىكنى ئېچىپ ئاكىلبانى ھۆرمەت بىلەن مەلىكىنىڭ قېشىغا باشلاپ كىردى. ئاكىلبا ئاپئاق لىباس كىيىپ كۇرسىدا ئولتۇرغان پەرىشتە سۈپەت مەلىكە ئوكتوۋيانى كۆرۈپ كامال ئېھتىرام بىلەن ئۇنىڭغا بىر تەزىم قىلىۋەتكەندىن كېيىن:

——ئوكتاۋى جانابلىرى مېنى ئالدىڭىزغا مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئەۋەتكەنىدى، ——دېدى.

——شۇنداقمۇ؟ خوش، قېنى ئولتۇرۇڭ، —— ئۇ ئاكىلبانى يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

## گەپ تارقىتىش

مەلىكە ئوكتوۋيا تەمكىنلىك بىلەن ئاكىلبانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

——بۇ ئىشقا ئىنىم ئوكتاۋى قوشۇلدىمۇ؟

——ھەئە، ئوكتاۋى جانابلىرى ئەلۋەتتە بۇنىڭغا ... ——ئاكىلبا كېكەچلەپ قالدى.

——قوشۇلدىمۇ، قوشۇلمىدى؟—— مەلىكە قىستاپ سورىدى.

——ھىم، قوشۇلدى، —— ئاكىلبا سەل قورۇنۇپ جاۋاب بەردى.

——ئەمىسە، مەنمۇ خۇشاللىق بىلەن قوشۇلاي.

ئاكىلبا مەلىكىنىڭ قوشۇلۇشىنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭغا تازا ئىشەنچى يوق ئىدى. كۇتۇلمىگەندە ئۇنىڭ ئوڭاي

ئىندەككە كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قولىقىغا ئىشەنمەي بىر يەس ھاڭۋې-قىپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن سەل ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ زۇۋانغا كەلدى:

——راست دەۋاتامسىز، مەلىكە؟

——ئەلۋەتتە، راست بولمايچۇ، سەردار ئانتونى ھەر جەھەتتە يېتۈك يىگىت تۇرسا، قوشۇلمايدىغان نەرىم بار؟

——راست! يالغىنى يوق، راست —— ھە!

——ئاكىلىبا بېشىنى لىڭشىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —— ھازىرقى زاماندا سەردار ئانتونىدەك مەرت يىگىتنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. مانا تەڭرىنىڭ ئىرادىسى دېگەن! قۇتلۇق بولسۇن! مۇبارەك بولسۇن! ئەمدى رىم ئاسايىشلىق تاپىدىغان بولدى ... مەنمۇ يوغان مەنسەپكە ئېرىشىدىغان بولدۇم، —— ئاكىلىبا ئاخىرىدىكى گېپىنى ئىچىدىلا دېدى ۋە خۇشال ھالدا مەلىكىنىڭ قېشىدىن چىقىپ، پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چوشكىنىچە ئۈچ كاتتىۋاش ئولتۇرغان سارايغا كىرىپ توۋلاپ كەتتى:

——مۇبارەك بولسۇن! مۇبارەك بولسۇن! ئىش پۈتتى. مەلىكە ئوك-تۇۋيا سەردار ئانتونىغا ماقۇل بولدى، ھەتتا ھازىرلا توي قىلىشقا تەييارمەن دېدى.

——ئاچام راستلا شۇنداق دېدىمۇ؟ —— بۇ كۈتۈلمىگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئوكتاۋى ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.

——رەھمەت ساڭا، ئاكىلىبا، بۇ ۋەزىپىنى قالتىس ئورۇندىدىڭ. ئەمدى ئانتونى جەمەتى بىلەن ئوكتاۋى جەمەتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتى-پاقسىزلىق تۈگىدى. بۇ سېنىڭ تۆھپەڭ! —— لېپىدۇ ئاكىلىباغا سۆزىنى دەپ بولۇپ ئوكتاۋىغا قاراپ، —— ۋەزىيەت تىنچلانغاندىن كېيىن، ئوكتاۋى، ئاكىلىباغا چوڭ مەنسەپ بەرگىن، قانداق؟ —— دېدى. ئوكتاۋى بىلەن ئانتونى ئوڭايسىزلانغان ھالدا بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى.

مۇنداق ئىشلار شەرقتىمۇ، غەربتىمۇ جىق بولغان. ئۆزئارا ئارازلىشىپ يۈرگەن ئىككى تەرەپنىڭ ئىناق ئۆتۈشى ئۈچۈن بىر - بىرىگە قىز بېرىپ قۇدىلىششىنى ئادەتتە سىياسىي توي دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق تويلاردا ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ مىجەزىنىڭ توغرا كېلىش - كەلمەسلىكى، ياش

پەرقى نەزەرگە ئېلىنمايدۇ.

مانا، ئوكتاۋى ئۆزىنىڭ جان ـ جىگەر ئاچىسىنى سەل نېرى ـ بېرى بولۇشسا دۈشمەنگە ئايلىنىپ كېتىدىغان ئانتونىغا بېرىمەن دەپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى بۇ ئىشتىن ئەنسىرىمەيدۇ دەپ ئويلامسىز!؟ ئانتونىمۇ ئوكتاۋى بىلەن ئەزەلدىن يېقىن ئاغىنە بولۇپ ئۆتكەن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇنى ئوكتاۋىدىن يېگىلىپ ئەلەم يۇتۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ئىنىسىمۇ فورۇبىيىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ پومپېيغا قوشۇلۇۋالدى. قىسقىسى، ئوكتاۋى ئانتونىنىڭ خوتۇنى بىلەن ئىنىسىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. دۈشمەنىنىڭ ئاچىسىنى خوتۇن قىلىپ ئالسا، مەرھۇم ئايالىنىڭ روھى قورۇنمامدۇ!؟ ئىنىسى روشيامۇ نېمە دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن؟

— مۇشۇلارنى ئويلاپ ئانتونىنىڭ كۆڭلى غەش بولدى.

كەچ بولغاندا ئانتونى بىلەن لېپىدۇ ئوكتاۋىنىڭ قەسىرىدىن قايتىپ چىقتى. كوچا ـ رەستىلەرنىڭ بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلىرىدا ئوكتاۋى بىلەن لېپىدۇنىڭ قوغدىغۇچى قىسىملىرى گۈلخان ئەتراپىدا چۆرىدىشىپ قۇرۇق پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى. نەيزە ـ قالقانلار گۈلخان يورۇقىدا سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان بىرنەچچە لەشكەر نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. لېپىدۇ گەپ قىلماي مەيدىسىدىكى مەنسەپ نىشانىسىنى كۆرسىتىۋېدى، ئۇلار دەرھال نەيزىلىرىنى چۈشۈرۈپ ئىككى ياققا ئۆتۈپ ئۇلارغا يول بوشاتتى.

— سەردار ئانتونى! — دېدى لېپىدۇ ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— ھە، لېپىدۇ، نېمە؟

— مىسىردىن قايتىپ كېلىپ بەك ئوبدان قىلدىڭ جۇمۇ، ساڭا كۆپ رەھمەت.

— بۇنىڭغىمۇ رەھمەت دېيىش كېتەمدۇ ...

— ياق ئۇنداق دېمە. سەن قايتىپ كەلمىگەن بولساڭ ئىشلارنىڭ قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىسام، ھېلىمۇ مېنى سۈر باسىدۇ. ئۇلارنىڭ رىمغا بېسىپ كىرىشى تۇرغان گەپ. مېنىڭ قولۇمدىمۇ ھېچقانچە

لەشكەر يوق. ئوكتاۋىنىڭ ئاساسىي كۈچى سىرتتا، شۇڭا ھەرگىز ئۇلارنى يېڭەلمەيتتۇق. ساڭا راست گېپىمنى دېسەم، ئۇرۇش بىلەن زادى خوشۇم يوق. سەن بولغاچقىلا ئىش مۇشۇنداق تىنچلىق بىلەن ھەل بولدى!

—تېخى پومپېي نېمە دەيدۇ بۇنىڭغا! بەكمۇ ئۈمىدۋار بولۇپ كەتمە، لېپىدۇ. ئەگەر ئىش قاملاشماي قالسا، رىم يەنىلا قان، ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ.

—ئۇنداق بولمىغاي ئىلاھىم!

—ماقۇل، ئەمىسە، مۇشۇ يەردە خوشلىشايلى. خەيرلىك كەچ!

—خەيرلىك كەچ؟

لېپىدۇ بىلەن ئانتونى كوچا دوقمۇشىدا خوشلاشتى. ئانتونى بارگاھىغا كەتتى.

دەل شۇ چاغدا ئېنوبابانىڭ سودىگەر، مۇساپىر قىياپىتىدە پومپېي تەرەپكە ئەۋەتكەن ئادەملىرى، ئانتونىنىڭ زور قوشۇنى پارسلارنى يېڭىپ غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەرنى تارقاتتى. بۇ گەپ تارقىلىشى بىلەنلا پومپېينىڭ قوشۇنى ھەرە ئۇۋىسىدەك بولۇپ كەتتى. ھەممىلا يەردە لەشكەرلەر غۇلغۇلا قىلىشاتتى:

—ئانتونىنىڭ سەركەردىسى گاندىيا ئەتىلا كىلىكىيادىن قايتىپ كېلىشى مۇمكىن. شۇنچە قۇدرەتلىك پېرسىيە ئارمىيىسىنى يەڭگەن گاندىيا بىزنى ھاپ قىلىپلا يۇتىۋېتىدۇ.

—ئانتونىنىڭ ئاسىيادىكى دېڭىز ئارمىيىسى دۇنيادا ئەڭ قۇدرەتلىك دېڭىز ئارمىيىسى ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە مىسىر ئارمىيىسمۇ بار ئىكەن. ئۇلار خۇددى چوڭ بىر قۇرۇقلۇق ئېقىپ كېلىۋاتقاندەك دېڭىزغا كېلىۋېتىپتۇ.

—سەركەردە مېنا بىلەن مېناكىللار ئۇلارغا تەڭ كېلەلەرمۇ؟

—ئانتونى بۈگۈن رىمغا يېتىپ باردى. پومپېي نېمىشقىمۇ ئۇنى ئۆتكۈزۈۋەتكەندۇ؟

—ئىككىسى كونا ئاغىنىلەر ئىكەن، شۇڭا ئۆتكۈزۈۋەتكەن گەپ.

—مۇشۇنى چاتاق قىلغان. ئەسلىدە ئۇنى جايلىۋېتىش كېرەك ئىدى.



—ئانتونى شۇ تاپتا ئوكتاۋى بىلەن بىللە جەڭ پىلانى تۈزۈۋاتقاندۇ ھەقىچان!

—ئانتونى ناھايىتى پەمى بار سەركەردە، پومپېي ھەرگىز ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ.

—بىز يېڭىلمىز دېمەكچىمۇسەن؟

—ئىشقىلىپ يېڭىلىش ئېھتىمالىمىز كۆپرەك.

—سەل قورقۇپ تۇرۇۋاتىمەن جۇمۇ!

يالغان خەۋەر كۈچىنى كۆرسەتتى. پومپېينىڭ لەشكەرلىرى جەڭگە كىرمەيلا بوشاپ كەتتى.

ئەتىسى سۇبھى ۋاقتىدا ئېنوبابا جەڭ كېيىمىنى سېلىۋېتىپ پۇقراچە كېيىنگەن ھالدا بىر قېيىققا چىقتى. تاڭ ئاستا – ئاستا يورىدى. يىراقتىن پومپېينىڭ سان – ساناقسىز كېمىلىرى كۆرۈندى.

—قېيىقنى ئاۋۇ چوڭ كېمىنىڭ قېشىغا ھەيدەڭلار!—دېدى ئېنوبابا.

قېيىق بىر ئازدىن كېيىن ئەڭ چوڭ ھەربىي كېمىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. ئېنوبابا كېمىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

—پومپېيغا دەڭلار، مۇھىم بىر ئىش بار!

ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئاق دوبۇلغىلىق بىر سەركەردە كېمىنىڭ گىرۋىكىگە كەلدى.

—ھوي، سەن مېناغۇ؟ — ئېنوبابا ئۈستىگە قاراپ ۋارقىرىدى. ئۈستىدىكى ئادەم پەسكە بىر ھازا سىنچىلاپ قاراپ تۇۋلىدى:

—سەن كىم؟ ئىسمىمنى نەدىن بىلىسەن؟ ئىسمىڭنى دەپ باقە!

—مەن ئېنوبابا!

—ئېنوبابا؟ ھە، راست، ۋۇي، ئېنوبابامۇ سەن؟! كۆرۈشمىگىلى ئون نەچچە يىل بوپتۇ، ھازىر كۈنۈڭ قانداق؟

—مەن ئانتونى ئۈچۈن ئىشلەپ كۈن كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. سەن ئاتامان پومپېينىڭ قابىل سەركەردىسى بوپسەن، داڭقىڭنى جىق ئاڭلىدىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەركەردە مېنانىڭ تەرى تۈرۈلدى.

— ئاغىندارچىلىقنىڭ يولى باشقا، بۇ خۇسۇسىي ئىش. ھازىر ئانتونىنىڭ ئادىمى بولساڭ، دېمەك، مېنىڭ دۈشمىنىم ئىكەنسەن. بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟

— ئانتونىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە رىم ئەلچىسى سالاھىيىتى بىلەن ئاتامان پومپېي بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم.

— ماقۇل، ئەمسە شوتىنى چۈشۈرەي.

ئېنوبابا شوتىغا مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن يامىشىپ كېمىگە چىقتى. سەركەردە مېنا بىر قول ئىشارىسى قىلىۋېدى، كاناي چېلىنىپ، يەتتە - سەككىز لەشكەر نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئېنوبابانى ئارىغا ئېلىۋالدى. ياساۋۇل پومپېينىڭ ئالدىغا كىرىپ ئانتونىنىڭ ئەلچىسى ئېنوبابانىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

ئېنوبابانىڭ ئۇلۇشكۈن تارقاتقان خەۋىرى پومپېينىڭمۇ قۇلىقىغا يەتكەنىدى. شۇڭا تۈنۈگۈن ئاخشامدىن بېرى سەركەردىلىرىنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتاتتى، كېچىلەپ داۋام قىلغان كېڭەش ھېلىغىچە ئاياغلاشمىغانىدى.

— ئۇنى باشلاپ كىر، — دېدى پومپېي، — ئانتونى ھارامزەدىلىك بىلەن سۈلھى تەلەپ قىلىپ بىزنى غەپلەتتە قالدۇرۇپ، دېڭىز - قۇرۇقلۇقتىكى لەشكەرلىرىنى يىغىۋېلىپ ئاندىن ئۇرۇش قىلماقچى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەلچىنى ئەۋەتىشتىمۇ نېمە سۈيىقەستى بار، تەگىرى ئۆزى بىلىدۇ. ھەرھالدا ھوشيار تۇرۇڭلار. ئەگەر بىرەر چاتاق سېزىلسە، ئالدى بىلەن ئەلچىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىڭلار!

پومپېينىڭ پەرمانى بىلەن، يالتىراپ تۇرغان قىلىچ، ئايپالتىلارنى تۇتقان بىرنەچچە لەشكەر ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ تەق بولۇپ تۇردى.

مېنا بىلەن ياندىشىپ كىرگەن ئېنوبابا بۇ يەردىكى سۈرلۈك مەنزىرىگە دىققەت قىلدى. پومپېي ئۇنىڭغا سۈربەتلىك قاراپ:

— ئانتونىنىڭ ئەلچىسى سەنمۇ؟ نېمە ئىش؟ نېمە گەپ ئەكەلدىڭ؟ — دېدى.

—ئىسمىم ئېنوبابا، ئانتونىنىڭ ئادىمى،لېكىن ئۇنىڭ ئەلچىسى ئەمەس. مەن رىم ئەلچىسى سالاھىيىتى بىلەن كەلدىم،— دېدى ئېنوبابا ئۆزىنى رىم ئەلچىسىگە لايىق سالاپەت بىلەن تۇتۇپ.

رىم ئەلچىسى دېگەن گەپنى ئاڭلاپ پومپېينىڭ ئاۋازى سەل يۇمشىدى:

—خوش، بۇ يەرگە نېمە خىزمەت بىلەن كېلىشىڭ؟

پومپېي ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلىماقچى بولۇپ بېشىنى ئالدىغا سوزدى.

## ● تىنچلىقنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ●

—سەردار ئانتونىنىڭ سالا قىلىشى بىلەن رىم ھاكىملىرىدىن ئوكتاۋى بىلەن لېپىدۇ جانابىڭىز بىلەن سۈلھى قىلىش قارارىغا كەلدى. سىزنىڭ جاۋابىڭىزنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئالدىڭىزغا كەلدىم. ئەگەر جانابىڭىز ئۇرۇش قىلىشتا چىڭ تۇرسىڭىز، سەردار ئانتونى ئاغىنىدارچىلىقنى چەتكە قايرىپ قويۇپ جەڭگە چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ؛ ئەگەر يارىشىشقا قوشۇلسىڭىز، ئۇ بەجاندىللىق بىلەن بۇ ساۋابلىق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى.

پومپېي بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

—شۇنداقمۇ؟ — دەپ قويدى ـ دە، قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى: ئۇرۇش باشلانغان ھامان ئانتونى قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى بارلىق لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ ئەكىلىدۇ. ئۇلار پارسلارنى يېڭىپ قايتقان لەشكەرلەر؛ ئۆزىنىڭ ئادەملىرى بولسا، ئەسلى دېڭىز قاراقچىلىرى، شۇڭا ئۇلارغا ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاخشامدىن بېرى لەشكەرلىرى ھېلىقى خەۋەرنى ئاڭلاپ قورقۇپ قالدى. ئەسلىدە

ئۇ ئانتونى بىلەن ئوكتاۋىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارازچىلىقتىن پايدىلىنىپ
ئىشنى توغرىلايمەن دەپ ئويلىغان، لېكىن ئىككىسى يارىشىپ، بىر
نىيەت ـ بىر مەقسەتكە كەلگەن بولسا، ئاقىۋەت ئۇنىڭغا پايدىسىز بولىدۇ
... توۋا، ئەزەلدىن پۇت تېپىشىپ يۈرگەن ئانتونى بىلەن ئوكتاۋىنىڭ
تۇيۇقسىز يارىشىپ قالغانلىقىنى قارىمامدىغان! بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟
ئوكتاۋى ئانتونىنىڭ ئىنىسىنىڭمۇ، خوتۇنىنىڭمۇ دۈشمىنى ئەمەسمىدى ...
—ئېيتقىنا، — دېدى ئۇ، —ئانتونى بىلەن ئوكتاۋى راستلا
ياراشتىمۇ؟ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى دەپ ۋاقىتلىق بىرلەشكەندۇ ھەقدـ
چان، شۇنداقمۇ؟

—ياق. ئۇلار ھازىر ئاكا ـ ئۇكىدەك يېقىن.

—يوقىلاڭ گەپ قىلمايۋاتقانسەن؟

—ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.ھازىر تېخى ئوكتاۋىنىڭ ئاچىسى مەلىكە
ئوكتاۋىيا بىلەن سەردار ئانتونىنىڭ توينى قىلىدىغان گەپمۇ بار.

—ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق بولماس.

—ئۇنداق دېمەڭ. بۇ ئىشقا لېپىدۇس جانابلىرى ئۆزى مېڭىۋاتىدۇ.

—لېپىدۇ؟ مېنا، مېناكل! بۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ —پومپېي
گاڭگىرىغان ھالدا ئىككى سەركەردىسىگە قارىدى. مېنا ئوتتۇرىغا چىقىپ
كەسكىن جاۋاب بەردى:

—ئېنوبابا يالغان سۆزلىمەيدۇ.

—سەن بۇنى تونۇمتىڭ؟

—شۇنداق. بىز خېلى زامانلار بۇرۇن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ
ياقىسىدىكى بىرىيەردە تونۇشۇپ قالغان. ئىككىمىز بىر ئۇستازنىڭ قولىدا
تەربىيىلەنگەن. شۇ چاغلاردىلا ئۇ يالغان گەپ قىلمايدىغان سەممىي ئادەم
ئىدى.

—ئىش بۇنداق ئىكەن، بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

—مېنىڭچە، سۈلھى قىلىش ئەڭ ئاقىلانە چارە، —دېدى مېناكل
سۆز قىستۇرۇپ.

—مېنىڭچىمۇ شۇنداق، — دېدى مېنا ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

—باشقا سەركەردىلەرنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلاپ باقاي. ئەلچى سىرتتا تۇرۇپ تۇرسۇن!

بۇ گەپتىن كېيىن ئېنوبابا مېنا بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئالاھىزەل بىر سائەتتىن كېيىن پومپېي ئۇنى چاقىرتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاۋازى باشقىچىلا يۇمشاپ كەتكەنىدى. بۇنىڭغا قاراپ ئاكىلىبا ئىش پۈتۈپتۇ دەپ ئويلىدى. پومپېي ئېنوبابانىڭ يەلكىسىنى يېقىن دوستلاردەك قېقىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى؟

—مېنىڭ ئانتونىغا بولغان رەھمىتىمنى يەتكۈزۈپ قوي. ئۇ بىزنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن جىق كۈچ چىقىرىپتۇ. بىز قوشۇنلىرىمىزنى بۇگۈنلا سىتسىلىيىگە قايتۇرۇپ ئەكىتىمىز. تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزىدىغان ئورۇن ۋە ۋاقىتنى كېيىن ئەلچى ئەۋەتىپ كېلىشەرمىز. قېنى، ئەمىسە ئىش مۇشۇنداق بولسۇن. بىر قەدەھ ئىچىشەيلى.

پومپېي لىق شاراب قويۇلغان قەدەھنى ئېنوباباغا تۇتتى. ئېنوبابا ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

—جانابىڭىزنىڭ سۆزىنى سەردار ئانتونىغا چوقۇم يەتكۈزىمەن. سۆھبەتنىڭ ۋاقتى ۋە ئورنى مەسىلىسى جانابىڭىز ئېيتقاندەك بولىدۇ. ئەمدى شارابقا كەلسەك، بۇنى سۆھبەت ۋۇجۇدقا چىققاندىن كېيىن ئىچ-سەك، شۇ چاغدا مەست بولغۇدەك ئىچىشۋالارمىز. مەن ھازىرلا قايتمىسام بولمايدۇ، چۈنكى رىم تەرەپتىكىلەر يولۇمغا قاراقلىق.

ئۇ پومپېيغا ئۆزرە ئېيتىپ قېيىققا ئولتۇرۇپ رىمغا قايتتى. پومپېينىڭ دېڭىز بويىغا چىققان قوشۇنلىرىمۇ كېمىلىرىگە چىقىپ رىم ئەتراپىتىكى پورتلارنى بوشاتتى.

ئېنوبابا ئوكتاۋىننىڭ قەسرىگە كېلىپ پومپېينىڭ جاۋابىنى يەتكۈز-گەندە ئۈچ كاتتىۋاشنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ئالامەتلىرى پەيدا بولىدى. لېكىن، ئانتونىنىڭ قوشۇنلىرىنى پىرسىيىدىن قايتۇرۇپ ئەكىلىش دېگەن ئەسلى ئاساسىي يوق گەپ — دە. ئەزەلدىن ئېھتىياتچان ئوكتاۋى بۇنىڭدىن ئەنسىرىمەيدۇ دەمسىز!؟

—بىرەر چاتاق چىقماس —ھە؟ —دېدى ئۇ، — پومپېي

ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپ قېلىپ قوشۇنلىرىنى يەنە قايتۇرۇپ ئەكەلسىچۇ؟

—چاتاق چىقمايدۇ، ئوكتاۋى! مەن ئارىدا كىلىكىيادىكى مۇندىيانىڭ بىر قىسىم لەشكەرلىرىنى يۆتكەپ كېلىمەن، — ئانتونىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئوكتاۋى سەل خاتىرجەم بولدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي پومپېينىڭ تىنچلىق ئەلچىسى يېتىپ كەلدى.

—ھە، پومپېي جانابلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ —سورىدى لېپىدۇ ئەلچىدىن.

—ئۇ ھازىر سىتسىلىيە ئارىلىغا قايتىپ كەتتى. پومپېي جانابلىرى كېلەر ئاينىڭ ئۈچىنچى كۈنى ناپلې پورتىنىڭ توسمىسى يېنىدا ھەرقايسىلىرى بىلەن كۆرۈشسەك دەيدۇ، — دېدى ئەلچى.

—خوش، سىلەرنىڭ پىكرىڭلار قانداق؟ —سورىدى ئوكتاۋى ئىككى باشلىقتىن. ئىككىلىسىلا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئەلچى بۇ خەۋەرنى ئېلىپ دەرھال سىتسىلىيە ئارىلىغا قايتىپ كەتتى.

ئۇرۇش ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە پېتراپ كەتكەن پۇقرالار يۇڭ ـ تاق، خۇرجۇن ـ قاچىلىرىنى كۆتۈرۈپ رىمغا قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. پومپېينىڭ دېڭىزنى قامال قىلىۋالغانلىقى تۈپەيلى كېلەلمەي يۈرگەن ئاشلىق كېمىلىرىمۇ رىمغا كىردى. پۈتكۈل شەھەر خۇشال ـ خۇراملىققا چۆمدى. كېچەش سارىيىنىڭ دەرۋازىسىمۇ ئېچىلدى. مەيدانغا توپلانغان پۇقرالار نەچچە يىلغىچە كۆرمىگەن ئۈچ باشلىقنىڭ بىر يەرگە جەم بولغانلىقىنى كۆرۈپ ھاياجانلانغان ھالدا چاۋاك چېلىشتى، «رىم ئەمىنلىك تاپتى!»، «ياشىسۇن ھاكىملار» دەپ ۋارقىراشتى.

ئۈچ ھاكىم بىللە پەلەمپەيدىن چىقىپ يىغىن زالىغا كىردى. ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان يىغىن ئەھلى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. مىكونا، بورنىو، نىريا قاتارلىق مۆتىۋەر زاتلار ئاۋۋال ئورنىدىن تۇرۇپ:

—ئۈچ ھاكىم بۇنىڭدىن كېيىن ئىناق ئۆتۈش ئۈچۈن زېمىننى ئۈچكە بۆلۈپ باشقۇرسا، ھەربىرى ئۆز زېمىنىغا مەسئۇل بولسا، — دەپ تەكلىپ بېرىشتى.

ئاخىر قارار قوبۇل قىلىنىپ، ئوكتاۋى ياۋروپانى، ئانتونى يونان،

سۇرىيە، يەھۇدىي، مىسىر قاتارلىق يەرلەرنى، لېپىدۇ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ قارشىسىدىكى ئافرىقىنى باشقۇرىدىغان بولدى. بۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى قىرىقىنچى يىلدىكى قارار بولۇپ، تارىختا «پرونكس كېلىشىمى» دەپ ئاتالدى.

يىغىندىن كېيىن ئاق كۆڭۈل لېپىدۇ مۇنداق دېدى:

— بولدى، ئەمدى ئانتونى بىلەن مەلىكە ئوكتوۋىيانىڭ توي ئىشىغا چاپايلى. يائاللا، ئالدىراپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدۇم — دە!

ئۇنىڭ ئۆز رايىدىن بۇ ساۋابلىق ئىشقا ماڭغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

## ● بۆلۈنگەن كۆڭۈل ●

رىم تىنچلىق تاپقانلىقى ئۈچۈن خەقلەر خۇشال — خۇرام يۈرۈشەتتى. ئانتونىغا كەلسەك ئۇنىڭ روھىي ھالىتى باشقىچە ئۇ رىمنى سېغىنىپ قايتىپ كەلدى، لېكىن سىرتتا ئۇزۇن تۇرۇپ ئۆيدىن سەل مېھرى سوۋۇلاپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى خوتۇنى فورۇبىيىنىڭ يوقلۇقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ بۇ ئۆي ئۇنىڭغا چۆلسىرەپ قالغاندەك بىلىندى.

«فورۇبىيە، ئەي بىچارە خوتۇنۇم، — دەپ نىدا قىلدى ئۇ، — مانا مەن قايتىپ كەلدىم، لېكىن سەن يوق. سەن مەن ئۈچۈن جېنىڭنى پىدا قىلغانىدىڭ، مەن ساڭا يۈزسىزلىك قىلىپ دۈشمەنلىرىمىز بىلەن ياراشتىم، ھەتتا سېنىڭ بېشىڭغا چىققان ئادەمنىڭ ئاچىسىنى خوتۇن قىلىپ ئالماقچى بولۇۋاتىمەن ...»

ئانتونى گۈلزارلىقتىكى مەرمەر ئورۇندۇقتا دەرەخنىڭ سايىسىگە قارى-غىنىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى. پۇشايمان ۋە ھەسرەت ئىچىدە ئۆرتۈنۈپ بۇ جاھاندا بار — يوق ھالەتتە بولۇپ كەتتى ...

ئىراقتىن خۇشال ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. بۇ خالايىقنىڭ



مەلىكە ئوكتوۋيا بىلەن ئانتونىنىڭ توي مەرىكىسى ئۈچۈن قىلىۋاتقان تەنتەنىسى ئىدى. راست، بۈگۈن توي ــ ھە!

ــــ سەردار جابانلىرى، كېلىن مەلىكىنىڭ تەختىراۋانى يېتىپ كەل - دى! ــــ دەپ خەۋەر قىلىپ كىردى ياساۋۇل.

ــــ ھە، كەلدىما، ــــ ئانتونى ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ كاتتا زىننەت - لەنگەن زالغا كىردى. بۇ يەرگە ئەلەمدار، قەلەمدارلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغانىدى. ئوكتاۋى بىلەن لېپىدۇ پەرىشتە سۈپەت ئوكتاۋيانى قولتۇقلاپ ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئانتونى مەلىكە ئوكتوۋيانى قولىدىن يېتىلەپ گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە نىكاھ سۇپىسىغا چىقتى.

نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بەزمە - تاماشا باشلاندى. ئەزەل - دىن ئويۇن - تاماشاغا ئامراق ئانتونى بۈنداق سورۇندا جىم تۇرىدۇ دەمسىز. مىسىردىن قايتىپ كەلگەندىن بۇيان ئۇ مۇنداق تاماشانى خېلىلا سېغىنىپ قالغان!

بەزمە داۋاملىشىپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز بولغاندا مەلىكە ئوكتوۋيا چارچاپ:

ــــ يائاللا، چىدىمىدىم، بېشىم ئاغرىپ كەتتى! ــــ دەپ دادلىغىنىچە سورۇندىن چىقىپ كەتتى. ئەزەلدىن بىر خىل تىنىچ ياشاپ كۆنۈپ قالغان ئوكتوۋيا بۈنداق شاۋقۇن - سۈرەنگە بەردەشلىق بېرەلمىگەنىدى. ئۇ ئۆيىگە چىقىپ كېتىپ بىر ئازدىن كېيىن، ئانتونى:

ــــ خانىم، مېھمانلارنى تاشلاپ قويۇپ ئۆيىگە كىرىۋالغىنىڭىز نېمە - سى. بۇ ئەدەبسىزلىك ئەمەسمۇ! ــــ دەپ چالۋاقىغىنىچە ئۆيگە كىردى. قولىدا لىق شاراب تولدۇرۇلغان قەدەھ، مەلىكىنىڭ ئاغزىغا تەڭلەپ تۇرۇپ، ــــ سىز بۇ مۇھىتقا كۆنۈشىڭىز كېرەك. شارابخورغا تەگكەندىن كېيىن شارابخور بولىدىغان گەپ، ــــ دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوكتوۋيانىڭ چىرايى سەل تۇرۇلدى. شۇنداقتىمۇ ئەرگە ئىتائەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ، قاڭسىق شارابنى زورلاپ ئىچىۋەتتى.

## تىنچلىق سۆھبىتى

كۆنلەر ئۆچقاندەك ئۆتۈپ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئانتونى، ئوكتاۋى، لېپىدۇ قاتارلىق ئۈچ ھاكىم بىلەن پومپېينىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغان كۈنى يېتىپ كەلدى.

پومپېي بىر كۈن بۇرۇن سىتسىلىيىدىن ناپلى پورتىغا كېلىپ تەييار-لىقلارنى پۈتكۈزۈپ ئۈچ ھاكىمنىڭ يولىغا قاراپ تۇردى.

بەلگە توپ ئوقلىرى ئېتىلدى، كاناي ـ سۇنەيلەر چېلىندى، دېمەك ئانتونىلار يېتىپ كەلگەنىدى.

بۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ ئاسماندا بىر پارچە بۇلۇتمۇ كۆرۈنمەيت-تى. ئانتونىلار ئازراقلا لەشكەر بىلەن كەلگەنىدى. بۇمۇ ئېھتىيات ئۈچۈن ئېلىنغان لەشكەرلەر ئىدى. چۈنكى ئىش ئەپلەشمىسە، توقۇنۇش چىقماي-دۇ دېگىلى بولمايتتى.

ئۈچ ھاكىم يىغىن زالىغا كىرىپ ئۈزۈن ئۆتمەي، پومپېي ئىككى يېنىغا مېنا بىلەن مېناكلىنى ئېلىپ كىردى ۋە ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ:

—ھەممىڭلار ۋاقتىدا كەپسىلەر، رەھمەت، —دېدى.

—ھارمىغايسىز، پومپېي جانابلىرى!

—قېنى، ئىچكىرىگە مەرھەمەت!

تۆتەيلەن ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئۈزۈن يىللار كۆرۈشمىگەن ئاغىنىلەردەك پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئوكتاۋى پاراڭنى ئەسلى تېمىغا يۆتكىدى:

—جانابى پومپېي، رىمغا سىزنىڭ خېلى قورساق كۆپۈكىڭىز بار، قېنى، مۇشۇ يەردە ئوچۇق ـ يورۇق بىر دېسىڭىز.

ماقۇل، —دېدى پومپېي، — دېگىن دەپ قالدىڭلار، دەپ باقاي. ئاتام گنائىي پومپېي رىم ئۈچۈن جىق خىزمەت كۆرسەتكەن. ئىسپانىيە

توپىلىڭىنى بېسقتۇرغان، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى قاراقچىلارنى يوقاتقان، ئەرمىنىيە ئاسىيلىرىنى جازالىغان. ئاتام رىمغا غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەندە خەلق ئۇنى يۇرت ئاتىسىنى قارشى ئالغاندەك كۈتۈۋالغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ مۇكاپاتى نېمە بولدى؟ قەيسەر ئاتامنى پاتقۇزمىدى، ئاقىۋەت ئاتام جەڭدە قۇربان بولدى. ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك، رىملىقلار ئۇنى خائىن دەۋالدى. بۇ ماڭا ئېغىر دەرد ئەمەسمۇ؟ شۇڭا مەن دېڭىزدىكى لەشكىرىي كۈچۈمدىن پايدىلىنىپ ئاتامغا يۈزسىزلىك قىلغان، ھاقارەت قىلغان رىملىقلارنى جازالاش نىيىتىگە كەلگەنىدىم. ھە، ئوكتاۋى جانابلىرى، ئاڭلىدىڭىزمۇ، مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە چۇشلۇق ئاساسىم بارمىكەن؟

—ھە، مۇنداق دەڭ، توغرا، سىزنىڭمۇ خېلى ئاساسىڭىز باركەن. لېكىن رىملىقلار سىزنىڭ كارامىتىزنى خېلى كۆردى، بۇرۇنقى قىلغانلىرىغىمۇ خېلى پۇشايمان قىلدى! بۈگۈن يارىشىمىز دەپ ئولتۇرۇپتىمىز، شۇڭا ئۇ ئىشلارغا ئاداۋەت ساقلىمىسىڭىز.

—بۇ گېپىڭىزگە قوشۇلىمەن.

—ئاتامان پومپىي، — دەپ سۆز قىستۇردى ئانتونى، — سەن ھازىر تۇرۇۋاتقان ستىسلىيە بىلەن ساردىنىيىنى ساڭا بېرەيلى، ئۆزۈڭ باشقۇر، لېكىن قاراقچىلىق قىلىۋاتقان ئادەملىرىڭنى ئوڭشىساڭ، ئۇلار ئەمدى يات ئەلنىڭ قاراقچىلىرى بىلەن ئېلىشسۇن. سەنمۇ رىمنىڭ قوينىغا قايتىپ كەل. قانداق، بۇنىڭغا ئۇنامسەن؟

—لېكىن ... —ئوكتاۋى ئۇنىڭغا بېرىلگەن نەرسە ئارتۇق بولۇپ كەتكەندەك بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ يالتىيىپ قالدى.

—ۋاي، بۇ بەك ياخشى بولدى، — دەپ ئانتونىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى لېپىدۇ.

—ئەمسە شۇنداق بولسۇن، پومپىي جانابلىرى، —دەپ ئوكتاۋى ئانچە رازى بولمىغاندەك بايامقى شەرتلەرنى بىر قۇر تەكرارلاپ ئۆتتى.

—مەن بۇنىڭغا قوشۇلىمەن، — دېدى پومپىي رازىمەنلىك بىلەن.

—ئەمسە تىنچلىق ئەمەلگە ئاشتى، —دېدى لېپىدۇ چاۋاك چېلىپ، — شۇنداقمۇ، سەردار ئانتونى. دۇنيانى ئەمدى تۆت ھۆكۈمران

سورايدىغان بولدۇق. ئۈچ ھاكىمغا يەنە بىرى قوشۇلۇپ تۆت بولدى، شۇنداقمۇ، سەردار پومپىيت؟!

ــــئەمسە سۆھبىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، ــــدېدى پومپېي بېشىنى لىڭشىتىپ، ــــبۇ كېلىشىمنى تۆت نۇسخا يېزىپ مۆھۈرلىرىمىزنى باسايلى.

ــــشۇنداق قىلايلى، ــــدېدى ئوكتاۋىئۇ.

پۈتۈكچىگە كېلىشىمنامىنى يېزىپ چىقىش تاپشۇرۇلدى.

ــــتىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بىزنىڭ كېمىگە چىقىپ بىر قەدەھتىن ئىچىشسەك، ــــ دېدى پومپېي. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سەركەردە مېنا كېمىنى قىرغاققا يېقىن ئەكەلدى.

ــــقېنى مەرھەمەت!

پومپېينىڭ باشلىشى بىلەن لېپىدۇ، ئانتونى، ئوكتاۋىلار، يەنە ئوكتاـ ۋىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئاكىلبا، ئانتونىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئېنوباربۇسلار كېمىگە چىقتى.

كېمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كاتتا داستىخان راسلانغانىدى. ھەر خىل نازۇ نېمەتلەرنىڭ پۇرىقى ئادەمنىڭ ئىشتىھايىنى قوزغايتتى. ئۇلار ئۇستەلگە ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن شاراب تارتىلدى. شارابنى كۆرۈپ يايراپ كەتكەن ئانتونى:

ــــۋاھ، نېمىدېگەن ئېسىل شاراب! ــــدېدى ـ دە، تۈنجى قەدەھنى گۈپپلا قىلىپ كۆتۈرۈۋەتتى.

كۈلكە ـ چاقچاق قىزىپ كەتتى، ئىچىشە ـ ئىچىشە، تۆت ھاكىمنىڭ ھەممىسى مەست بولدى. بىر چاغدا پومپېي ئانتونىغا قاراپ:

ــــسەردار، مىسىرنىڭ پاركلىرىنى قىلىپ بەرمەمسەن، ــــدېدى.

ــــماقۇل، سىلەرگە نىل دەرياسىنىڭ پارىكىنى سىلىپ بېرەي، ــــ دېدى ئانتونى، ــــ ئۇ كارامەت دەريا. ئۇ بۇ يىل تاشقىن پەيدا قىلسا، كېلەر يىلى نىل ۋادىسىدا زىرائەت ئوخشايدۇ. ئەكسىچە بولسا قەھەتچىلىك بولىدۇ.

ــــسەردار ئانتونى، ــــ دېدى ئوكتاۋى، ــــنىل دەرياسىنىڭ

گېپىنى تولا قىلماي، بىزگە ئوينىغان تاماشالىرىڭىزنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرگە-
نە، مىسىر ئايال پادىشاھىنىڭ زىياپىتىدە داستىخانغا پۈتۈن پۇشۇرۇلغان
ئون ئىككى كالىنىڭ گۆشى قويۇلۇپتىكەن، راستمۇ؟

—بۇنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟ — سورىدى ئانتونى تەرىنى تۈرۈپ.

—مىسىردىكى ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىغانمەن، ۋايىەي، مېنى
بىلمەيدۇ دەمسەن!

ئۇنىڭ ئاھاڭىدىكى تەنەددىنى سېزىپ ئانتونىنىڭ غۇژژىدە جۇدۇنى
ئۆرلىدى:

—ھەممىنى بىلمەن دەپ قوي، كەينىمگە پايلاقچى سەپتىكەن-
سەن ـ دە!؟ خەقنىڭ تاپىنىنى غېرىچلايدىغان ئاشۇنداق پەسكەشلىكىڭنى
قاچانمۇ تاشلارسەن — ھە!

—نېمە دەۋاتىسەن، پەسكەشلىكنى قىلساڭ سەن قىلدىڭ!

ئانتونى غەزەپلەنگەن ھالدا يېنىدىكى لاخشىگىرگە قول ئۇزاتتى. ئۆز
ۋاقتىدا ۋەھشىي قاپلاننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن ئانتونى ئۈچۈن ئوكتاۋى
قانچىلىك نېمىتى دەيسىز!

لېپىدۇ ئىچىپ خېلى تەڭشىلىپ قالغان بولسىمۇ ئەھۋالنىڭ چاتاقلى-
قىنى سەزدى ۋە دەرھال ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇلارنى توستى.

—بولدى، بولدى، داستىخاننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىڭلار. قاراڭلار،
سەردار پومپېي سىلەرنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ. كۆڭۈللۈك پاراڭلارنى سېلى-
شىپ ئولتۇرايلى.

ئۇنىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن جېدەل ۋەزىيەت سەل پەسەيدى.
بۇ چاغدا ئانتونىنىڭ ئىنىسى روشيا دەرىزىنىڭ كەينىگە كېلىپ ئۇلارنىڭ
تاماشاسىنى كۆرۈپ ئۆلگۈردى. ئۇلارنىڭ ھاسىل قىلغان تىنچلىقىنىڭ
تايىنلىق نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، دۈشمىنى ئوكتاۋى بىلەن
ياراشقان ئاكىسىغىمۇ ئۆچمەنلىكى قوزغالدى. ئۇلارنىڭ غەرق مەست
بولۇپ كەتكەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن چەتتە قۇرۇقچىلىق قىلىۋات-
قان سەردار مېناسنىڭ قېشىغا كېلىپ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇ پىچىرلىدى.

—ھە، بولىدۇ. بولىدىغان گەپ ئىكەن، —مېنا بېشىنى

لىگىشتتى، ــ ماقۇل، مەن سەردارغا دەپ باقايلى.

مىنا پومپىيىنىڭ قىشىغا باردى:

ــ جانابى سەردار، سىزگە دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى.

ــ نىمە گەپ؟

ــ خاپا بولماي بۇياققا كەلسىڭىز.

پومپىيىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى.

ــ بولدى، كىيىن، گىپىڭنى كىيىن دىسەڭ بولمامدۇ؟

ــ كىيىن دىسەم، ۋاقتى ئۆتۈپ كىتىدۇ. ھازىر ...

پومپىي ئامالسىز ئورنىدىن تۇرۇپ مىنانىڭ قىشىغا كەلدى.

ــ ھە، نىمە ئىش؟

ــ بۇ ناھايىتى مەخپىي، خاپا بولماي قۇلىقىڭىزنى يىقىن ئەكەلسە-ڭىز ... سەردار، سىز دۇنياغا خوجا بولۇشنى خالىمامسىز؟

ــ نىمە دىدىڭ؟

ــ سىز دۇنياغا خوجا بولۇشنى خالىمامسىز دەيمەن!

ــ بۇ قانداق گەپ ئەمدى، مەست بولۇپ قالمىغانسەن؟

ــ ياق، مەن مەست ئەمەس. قورۇقچىلىق قىلىۋاتقاندا شاراب ئىچسەم بولمايدۇ. ھازىر دۇنيانى سوراۋاتقان ئۈچ ئادەم بۇ كىمىدە، ئارقاننى ئۈزۈۋەتسەكلا كىمە دېڭىزغا كىرىپ كىتىدۇ. ئاندىن بۇ ئۈچ مەستىنىڭ گىلىنى غىققىدە بوغساق، دۇنيا سىزگە قالمامدۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پومپىيىنىڭ شارابتىن قىزىرىپ كەتكەن يۈزى بىردىنلا شامدەك تاتىرىپ كەتتى.

ــ بۇ ئىشنى ماڭا دىمەي ئۆزۈڭلا قىلىۋەتسەڭ بولماتتى!؟ ماڭا دىدىڭ، ئەمدى مەن چەكلىمىسەم، ساڭا ماقۇل دىسەم، بۇ چاغدا مەن نامەرد بولۇپ قالمامدىمەن؟ ئەگەر ئۆزۈڭ بىلىپ قىلىۋەرگەن بولساڭ، ئۇ چاغدا خەق سىنى قىپتۇ دەيتتى، مەقسەتكىمۇ يىتەتتۇق. ئەپسۇس، پۇر-سەتنى ئۆتكۈزۈۋىتىپسەن، ــ پومپىي گىپىنى تۈگىتىپ ئورنىغا قايتىپ كەتتى. مىنامۇ بىشنى ساڭگىلىتىپ كىتىپ قالدى.

ئۇ كەلگەندە روشىيا ئانتونى بىلەن بىللە كەلگەن ئىنوبابا بىلەن

شاراب ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. روشىيا مېناغا قاراپ: «قانداق؟» دەپ سورىدى. مېنا بېشىنى چايقاپ قويدى، ئاندىن ئېنوباباغا قاراپ مەيۇس ئاھاڭدا:

——بولدى، ئەمدى مەن ۋەزىپەمدىن ۋاز كېچىپ پومپېيدىن ئايرىلىپ كېتىمەن، —— دېدى.

——نېمىشقا؟

——ئۇ بىر چوڭ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈۋەتتى. بۇنداق پۇرسەت ئەمدى ئۇنىڭغا نېسىپ بولمايدۇ. قارىغاندا ئۇنىڭغا ئەگەشسەم ياخشى كۈن كۆرمىگۈدەكمەن.

——بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ —— ئېنوبابا مېنانىڭ تۇرۇپلا ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

——مانا ئەگەشسە باشلىقنىڭ ئانتونىدەك ئادەمگە ئەگەشسە بولىدۇ.

——ھە-ە! سەردار ئانتونى ھەقىقەتەن قالتىس ئادەم، لېكىن پومپېيمۇ …

——ياق. بولمايدۇ. قاراپ تۇر، ئۈچ يىلغا بارماي تۈگىشىدۇ. قانداق دېدىم روشىيا؟

روشىيا بېشىنى لىڭشىتتى.

——پومپېيدىن ئايرىلغاندىن كېيىن نېمە قىلماقچىسەن؟

——يەنە دېڭىزدا قاراقچىلىق قىلىمەن.

——مېنا، ——دېدى روشىيا ئىلتىماس قىلىپ، ——مېنىمۇ ئۆزۈڭگە قوشۇۋال.

## رىمدىكى ئارام ئېلىش

تۆت كاتتىۋاشنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن پومپېي يەنە سىتسىلىيىگە قايتىپ كەتتى. قالغان ئۈچىمۇ رىمغا تىنچ - ئامان

قايتىپ كەلدى.

لېپىدۇ ئانتوننىڭ رىمدىن كەتمەي تۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەسلى ئۇنىڭ ھېچقانچە تەسىر دائىرىسى يوق ئىدى. لېكىن ئانتونى بىلەن ئوكتاۋى خۇددى قوچقارلاردەك پات ــ پات ئۇسۇشۇپ تۇرغاچقا، ئۇلارنى ياراشتۇرۇشقا لېپىدۇدەك ئادەم كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ رىمدىكى ئۈچ ھۆكۈمراننىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى تونۇغاچقا ئىمكانقەدەر ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشىنى بىر يەرگە ئەكىلىپ رىمنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاشقا تىرىشاتتى. مانا، بۈگۈنمۇ ئۇ ئانتوننىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى:

ــــ ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ رىمغا كۆنۈپ قالدىڭمۇ؟

ــــ قويغىنا، بىكارچىلىقتا ئەجەب زېرىكىپ كەتتىم.

ــــ ئەمىسە، يۈرە، ئوكتاۋىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلەيلى.

ــــ نېمە قىلغىلى بارمىز؟

ــــ بىرەر ئويۇن تېپىپ ئوينىمامدۇق!؟

ــــ ماقۇل.

ئۇلار ئوكتاۋىنىڭ قەسرىگە باردى.

ئانتونى ھەرقانداق ئويۇن تۈرىگە قىزىقاتتى، ھېچقانداق ئويۇندا ھېچكىمگە بوش كەلمەيتتى. ئوكتاۋى بىلەن لېپىدۇ شاھماتقا چۈشتى. ئانتونى ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا قاراپ، ئوكتاۋىنى تۈزۈك ئوينىيالمايدىكەن، دەپ ئويلىدى. دېگەندەكلا ئوكتاۋى ئۇتتۇرۇۋەتتى. ئانتونى:

ــــ توختا، سېنىڭ ئەنتىڭنى بىر ئېلىپ بېرەي، ــــ دېدى ــــ ده، ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇپ لېپىدۇ بىلەن شاھماتقا چۈشتى. لېكىن بۇ قېتىم لېپىدۇ خۇددى كىچىك بالا چوڭ ئادەمگە دۈچ كېلىپ قالغاندەك قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئەسلى ئۇ ئوكتاۋىغا ئۆزىنى يەنە بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولغانىدى، ئەپسۇسكى ئۇتتۇرۇۋەتتى. شۇنداقتىمۇ تەن بەرمەي يەنە ئوينىدى، لېكىن يەنە ئۇتتۇردى.

ئەمدى ئۇلار ئوقيا ئېتىپ سىنىشىپ باقماقچى بولدى. بۇنىڭدا ئوكتاۋى ئەسلىدە ئانتونىغا يېتەلمەيتتى. لېكىن ئۇلار قورۇدا تۇرۇپ نىشانغا

ئوق ئۆزگەن چاغدا ئوكتاۋىنىڭ ئوقى نىشانىنىڭ ئوتتۇرىغا تېگىپ، ئانتونىنىڭ تەگمەي قالدى. ئانتونىنىڭ تەن بەرگۈسى كەلمىدى، لېكىن ھەرقانچە قىلسىمۇ بەرىبىر ئوكتاۋىغا تەڭ كېلەلمەي ئوسال بولۇپ قالدى.

—ھەي، ئانتونى، بۈگۈن ساڭا تەلەي تەتۈر قاراپتۇ. بولدى قىل، شىپاڭغا بېرىپ شاراب ئىچىشەيلى، يۈر! — دېدى لېپىدۇ سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا، ئانتونى ئۇتۇشقا كۆزى يەتكەن ئويۇن بىلەن ئوكتاۋىنى ئەپلەش نىيىتىگە كەلگەن بولسا كېرەك:

—ئوكتاۋى، —دېدى، —ئەتە خورازلىرىمىزنى سوقۇشتۇرۇپ باقامدۇق؟

—بولىدۇ، — دېدى ئوكتاۋى سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، — بۇ ئويۇنغىمۇ تازا ئېپىم يوق، سەن دەپ قالدىڭ. قېنى، ئۇنىمۇ قىلىپ باقايلى.

ئانتونى ئۇنىڭ كۈلگىنىنى كۆرۈپ ئاچچىقى كەلدى ـ دە، «خەپ، ئاشۇ يوغانچىلىقىڭغا ئەتە بىر كۆرسەتمىسەم» دەپ نىيەت قىلدى.

ئەتىسى ئانتونى خورىزىنى ئادەملىرىگە كۆتەرتىپ ئوكتاۋىنىڭ قەسرىگە كەلدى. ئۇنىڭ بۇ قارا خورىزى مۇشۇ چاغقىچە نۇرغۇن خورازلار بىلەن ئېلىشىپ بىرىدىنىمۇ يېڭىلمىگەن، بەلكى ئۇن نەچچىسىنى چوقۇپ ئۆلتۈرگەن خوراز ئىدى. مانا ھېلىمۇ قەپەسنى سۈندۇرۇپ چىقىدىغاندەك ئەلپازدا ھۆرپىيىپ تۇراتتى.

ئوكتاۋىنىڭ خورىزى ئاق بولۇپ تۇرقىدىن ياۋاش كۆرۈنەتتى. قارىغان ئادەم چوقۇم قارا خوراز يېڭىدۇ دەپ ئويلاتتى، لېكىن خورازلار ئۇتىشىپ بىر ئازدىن كېيىنلا نەتىجە باشقىچە بولدى. ئاق خوراز قارا خورازنىڭ كۆزىنى چوقۇپ قويۇۋەتتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە قارا خوراز تاجىسى قانغا بويىلىپ ئوڭدىسىغا چۈشكىنىچە جېنىدىن ئايرىلدى.

ئانتونى بۇ ئويۇندىمۇ بۇرنىغا يەپ روھسىز ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. يېڭى ئالغان خوتۇنى مەلىكە ئوكتاۋىيا ئۇنى كۆرۈپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

—نېمە بولدىڭىز؟ چىرايىڭىز باشقىچىلىغۇ؟



—ياقەي، ھېچنېمە بولمىدىم. ھېرىپ قالغاندىمەن، ھېلى تۈزۈلۈپ قالىمەن.

ئانتونى ئېچكىرى ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى دىۋانغا تاشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن دېرىزە ئالدىدىن بىرىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. ئۇ مىسىردىن يېقىندا كەلگەن مۇنەججىم ئارابا ئىدى. ئانتونى ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى پادىشاھ بولىسەن دەپ پال ئاچقان ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ:

—ھوي، سەن مىسىرنىڭ ھېلىقى پالچىسىغۇ —ھە؟! — دېدى.

—شۇنداق، ئانتونى جانابلىرى.

—ئەمىسە، قېشىمغا كىر، سورايدىغان گەپ بار.

ئارابا ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ ئۆيگە كىردى.

—سىلەر پالچىلىقنى نېمە دەيتتىڭلار؟

—مۇنەججىملىك دەيمىز، تەقسىر. مەن مۇشۇ مۇنەججىملىكىمگە تايىنىپ، سىزنىڭ ماڭا ھاجىتىڭىز چۈشكەنلىكىنى بىلدىم، شۇڭا ئالايىتەن مىسىردىن ئالدىڭىزغا كېلىشىم.

—قېنى، شۇ گېپىڭ راست بولسا، مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىم توغرىسىدا بىر پال ئېچىپ باققىنا!

## پال ئېچىش

ئارابا بوۋاي ئانتونىنىڭ چىرايىغا خېلى سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

—سىزنىڭ تەلەي ـ ئىقباللىڭىز شۇنچىلىك نۇرانىكى، ئۇنىڭ

ئالدىدا ھەرقانداق ئىنسانىنىڭ ئىقبالى خىرە كۆرۈنىدۇ. لېكىن كۆشەندىسى يوق كىم بار دەيسىز. مەسىلەن، پىل ھايۋانات پادىشاھى دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ھەتتا شىر ـ يولۋاسلار قورقىدىيۇ، لېكىن كىچىككىنە چاشقان ئۇنى بوزەك قىلىپ ئوينايدۇ. خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، سىز بىر پىل، ۋەھالەنكى، كىچىككىنە چاشقان — ئوكتاۋى سىزنى ئەپلەپ يۈرىدۇ. شۇڭا سىز ئايرىم تۇرغان چېغىڭىزدا ناھايىتى كۈچلۈك بولغىنىڭىز بىلەن، لېكىن ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندىلا ئۇ باتۇرلۇقىڭىز سۇسلاپ، ھەتتا ئۆز كۈچىنى يوقىتىپ قويىۋاتىدۇ.

ئانتونى ئۇنىڭ پالىنىڭ ناھايىتى توغرا چىققانلىقىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى.

— توغرا دېدىڭ، — دېدى ئۇ، — خوش، ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟

— سىز ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن كەلمەي يىراق تۇرۇشىڭىز كېرەك. بولمىسا، سىز قۇدرىتىڭىزنى يوقىتىپ قويىسىز. رىمدا بەك ئۇزۇن تۇرۇۋالدىڭىز. ياخشىسى بۇ يەردىن كېتىڭ.

ئانتونى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، بوۋاينىڭ ئورۇق يەلكىسىنى سىلىكىپ تۇرۇپ:

— ۋۇ، تۆلكە قېرى، سېنى مىسىرنىڭ ھېلىقى ئايال پادىشاھى ئەۋەتكەن، شۇنداقمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى. بوۋاي چىرايى تاتىرىپ، تىترىگەن ھالدا:

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ... — دەپ دۇدۇقلاپ كەتتى.

ئەمدى ئانتونى قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى ۋە بوۋاينى قويىۋېتىپ تەمكىن ھالدا مۇنداق دېدى:

— بولدى، بولدى، چاقچاق، سېنى نېمە دەيدىكىن دەپ شۇنداق دەپ باقتىم. پالىڭ توغرا چىقتى. كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭ. مەن ساڭا تېخى ئىنئام بېرىمەن. مەنمۇ ئوكتاۋىدىن يىراق تۇرۇش نىيىتىگە كەلگەن. سەن مىسىرغا مېنىڭ ئالدىمدا بارسەن، پادىشاھقا ئېيتىپ قوي. ئانتونى كېيىدە تۇرىدىغان ئوغۇل بالا.

—خوپ چوقۇم يەتكۈزىمەن، تەقسىر. شۇنى سورىۋالاي، سىزمۇ مىسىرغا كەينىمدىنلا بارامسىز؟

—ياق، ئاۋۋال پارسلارنى بېسىقتۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن.

بوۋاي شەرقلىقلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئانتونىغا تەزىم قىلىۋېتىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئەمدى ئانتونى رىمدىن كېتىش نىيىتىگە قەتئىي كەلگەنىدى. ئۇ لېپىدۇغا ئادەم ئەۋەتىپ كىلىكىيادىكى رىم قوشۇنلىرىنىڭ ئەھۋالى چاتاقلىقىنى، شۇڭا ئۆزى بېرىپ پارسلارنىڭ ئەدىپىنى بەرمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

لېپىدۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال ئوكتاۋىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئانتونىنى كەتكۈزمەسلىكنىڭ ئامالىنى قىلىمەن دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئوكتاۋى ئويلىمىغانلا جاۋابنى بەردى:

—پىرسىينى ئېلىش ئانتونىنىڭ ۋەزىپىسى ئۇ بېرىۋەرسۇن!

لېپىدۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەيۇسلەنگەن ھالدا ئانتونىنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، ئەمدى ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

—ئۇ نىيىتىڭدىن يان! ئەگەر زادى بولمايدىغان ئىش بولسا، كېيىنرەك قىلسامسەن؟! رىمدا يەنە بىر مەزگىل تۇر ... يەنە مەلىكە ئوكتاۋىيانىڭ ئىشىمۇ بىر ئىش، ئۇنى بىللە ئەكەتكىلى بولماس؟ ئەمدىلا توي قىلدىڭلار، سەن كەتسەڭ، ئۇ غېرىبسىنىپ قالامدۇ؟

—رىم ئۈچۈن بۇ جەڭنى قىلماي بولمايدۇ. ئەگەر ئوكتوۋيا يالغۇزچىلىقتىن قورقسا، مەن بىلەن بىللە بارسا بولۇۋېرىدۇ.

—بۇ گېپىڭ جايىدا. سېنىڭ جەمەتىڭ بىلەن ئوكتاۋى جەمەتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاران تەستە تىكلەنگەن دوسلۇق ئەمدى بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان بولدى.

ئوكتاۋى ئاچىسىنىڭ ئانتونى بىلەن بىللە مېڭىشىغا قوشۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاچىسى بارىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان رىم خەلقى كوچىلارغا چىقىپ ئانتونى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنى قىزغىن ئۇزىتىپ قويدى.

# پېرسىينى بويسۇندۇرۇش جېڭى

ئانتونى ئاتلىق، مەلىكە ئوكتوۋىيا مەيدە، ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىق لەشكەرلەرنى باشلاپ رىمدىن چىقتى، ئاپىنىن تاغلىرىدىن ئۆتۈپ شەرقىي دېڭىز بويىغا كەلدى، ئۇ يەردىن كېمىگە ئولتۇرۇپ گۈزەل ئىئونىيە دېڭىزىدىن ئۆتۈپ ئۆز ۋاقتىدا بىر مەزگىل تازا گۈللەنگەن يونانىنىڭ ئافىنا شەھىرىگە كەلدى. ئانتونى پېرسىينى بويسۇندۇرۇشتا مۇشۇ يەرنى بازا قىلماقچى بولدى.

ئافىنا يونانىنىڭ قەدىمكى پايتەختى بولۇشقا ھەقىقەتەن مۇناسىپ جاي بولۇپ، ئاپئاق مەرمەر تاۋرۇكلەر كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك بىنالىرى ئىنايىن كۆپ ئىدى. ئانتونى بىر بىنانىڭ ئالدىدىكى ئىلاھ ھەيكىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن غەلىبە ـ نۇسرەت تىلەپ، زەيتۇن شېخىدىن قىلىنغان تاج بىلەن ستىسلىيىدىن ئەكەلگەن مۇقەددەس بۇلاق سۈيىنى كوزىسى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا قويىدى.

بۇ چاغدا قىش يېقىنلىشىپ قالغاچقا، جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئەتىيازنى كۈتمەي بولمايتتى. شۇڭا ئۇلار قىشنى ئافىنادا ئۆتكۈزمەكچى بولدى.

سەركەردە مونديا ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى پېرسىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇ-جۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپتە تۇراتتى. پىلو، سىگۇرا، داشىدا، دەدوريا، فوئايرو قاتارلىق باتۇرلار ھەم ئىزباسار سەركەردە گاندىيا دەرھال ئانتونىنىڭ ھۇزۇرىغا يىغىلدى.

ئەمدى پېرسىيە بارگاھىدىكىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئانتونىنىڭ ئافىناغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ پاراكەندىچىلىككە چۈشتى.

ــــ ئانتونى قول سېلىشتىن بۇرۇن بىز ئاۋۋال قول سېلىشىمىز كېرەك. مۇشتنى ئاۋۋال كىم ئۇرۇۋالسا شۇ يېڭىدۇ. بولمىسا، ئاقىۋىتىمىز خەتەرلىك.

ساقاللىق پارىس سەركەردىسى رابىنا مۇشۇ پىكىرگە كېلىپ بارلىق لەشكەرلىرىنى كىلىكىيا چېگرىسىغا توپلىدى.

ئانتونىنىڭ قانچىلىك باتۇر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ياردەمچى سەر-كەردە خاناباد ئۆزىچە رابىنانى مەسخىرە قىلىپ، قول ئاستىدىكىلەرگە مۇنداق دېدى:

—سەركەردىمىز ئانتونىدىن نېمانچە قورقىدىغاندۇ؟

—ئاڭلىسام، ئانتونى بىر قاپلاننى ئۆلتۈرۈپتىكەنمىش، مانا مەن ئىككى شىرنى ئۆلتۈرگەن. ئانتونىنىڭ قورقۇدەك نېمىسى بار!؟

نېمە گەپ چىقسا چىقسۇن، رابىنا ھۇجۇم تەييارلىقىنى ئورۇنلاشتۇر-دى. رىم سەركەردىسى مونديامۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ مۇناسىپ تەييارلىق قىلىپ قويدى.

بىر كۈنى قاپقارا نەيزە ـ قالقانلىق پېرسىيە ئارمىيىسى كىلىكىيا تۈزلەڭلىكىگە قارا چۈمۈلىدەك يوپۇرۇلۇپ، رىم بارگاھىغا ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلار ناھايىتى سۈر ـ ھەيۋەت بىلەن بېسىپ كەلگەندى. لېكىن رىم بارگاھىدا بىرمۇ لەشكەر كۆرۈنمىدى.

—رىم قوشۇنى چېكىنىپتۇ، كەينىدىن قوغلايلى! —دېگەن بۇي-رۇق بىلەن ئۇلار ئالدىغا قاراپ سۈرەن توۋلاپ كېتىۋەردى.

لېكىن، ھېچنەدە رىم لەشكەرلىرىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. خېلى ئىچكىرىلەپ ماڭغاندىن كېيىن سەركەردە رابىنا تۇيۇقسىز بىر نېمىنى ئويلاپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. دەل شۇ چاغدا ئىككى ياقتىكى ئوتلاق-تىن يانىڭ ئوقى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھەرىدەك ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ بۇ يەردە بۆكتۈرمە بولۇپ ياتقان رىم لەشكەرلىرىنىڭ ئاتقان ئوقلىرى ئىدى. پارسلار بىر ـ بىرلەپ يىقىلىشقا باشلىدى. ئۆرە ـ تۆپە باشلىنىپ ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ بولغۇچە بىر ئوق ئۇچۇپ كېلىپ دەل خانابادنىڭ يۈرىكىگىلا تەگدى. ئۇ: «ۋاي!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئاتتىن دوملاپ چۈشتى. سەركەردە رابىنانىڭ: «چېكىنىڭلار!» دەپ ۋارقىرىشى بىلەن پارسلار چېكىنىشكە باشلىدى. لېكىن بۇ چاغدا پۇرسەت قولدىن كەتكەن بولۇپ، پارسلار پۈتۈنلەي مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغانىدى. پارقىراق سا-

ۋۇت ــ دوبۇلغا كىيگەن رىم لەشكەرلىرى ئۇلارنى قىستاپ كېلىپ دەھشەت-لىك قىلىچۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. قىلىچلارنىڭ جاراڭشىشلىرى، ئادەم-لەرنىڭ ۋارقىراشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى، قىر-غىنچىلىق باشلاندى.

قۇياش ئاستا ــ ئاستا ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا جەڭ ئاساسەن بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى.

سەركەردە مۇندىيانىڭ لەشكەرلىرى تازا خىللانغان لەشكەرلەر بول-غاچقا پارسلار ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدى. باتۇر سەركەردە رابىنا ئەمدى ئىشنى ئوڭشىيالمايدىغانلىقىنى سېزىپ، قانلىق يول ئېچىپ قاچماقچى بولۇۋېدى، رىملىقلار سېزىپ قالدى.

ـــ ۋاي، دۈشمەن باشلىقى قاچتى!

ـــ ئۇنى قاچۇرۇۋەتمەيلى! قوغلايلى!

مەشئەل كۆتۈرگەن بىر قىسىم رىم لەشكىرى ئالدىنى توسۇۋېدى، ئۇ كەينىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

ـــ رابىنا، مەن مۇندىيا. قېنى، مەيدانغا چۈش، ئىككىمىز يەكمۇ يەك ئېلىشمىز! ـــ دېگىنىچە، مونديا ئاياللىسىنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا چۈشتى. رابىنا ئۇنىڭغا كۈلۈپ قويۇپ:

ـــ ھە، مىندىيامۇ سەن، قېنى، ئېلىشساق ئېلىشتۇق. مەن ساڭا پارس شەمشىرىنىڭ تەمىنى بىر تېتىتىپ قوياي! ـــ دېدى ــ دە، قىلىچىنى كۆتۈرۈپ مۇندىيانىڭ ئالدىغا باردى.

تەلەي رابىنادىن يۈز ئۆرۈگەنىدى. ئۇنىڭ قىلىچى ئايالتىغا تېگىپ دەستىسىدىن سۇنۇپ كەتتى. مۇندىيا شۇ پۇرسەتتە پالتا بىلەن ئۇنى بىر چېپىۋېدى. ئۇ: «ۋاي!» دېگىنىچە قان ئىچىگە يىقىلدى.

پارس قوشۇنى رابىنا، خاناباد قاتارلىق باش سەركەردىلىرىدىن ئاي-رىلغاندىن كېيىن پاتپاراق بولۇپ ھەتتا نەگە قېچىشنىمۇ بىلەلمەي قالدى. رىملىقلار شۇ پۇرسەتتە ئۇلارنىڭ ئورغۇنىنى يەر چىشلەتتى. قالغانلىرى ئامالسىز تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ غەلىبە خەۋىرى ئافىنادىكى ئانتونىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ رابىنا

ئۆلگەن بولسا، ئەمدى بىزنىڭ بېشىمىزنى ئاغرىتىدىغان يالغۇز بەقرە شاھزادىلا قاپتۇ، دەپ ئويلىدى ـ دە، قول ئاستىدىكىلەرگە:
—بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ شاھزادە بەقرەنىڭ ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئاپەتنى تۇپ يىلتىزى بىلەن قۇرتىۋەتمىسەك، يەنە ئۆزىمىزگە باش ئاغرىقى تاپىمىز، —دېدى.
ئۇ دەرھال ئۆزى باشلاپ كەلگەن لەشكەرلەرنى موندىيانىڭ قوشۇنىغا قوشۇپ، پېرسىينى بويسۇندۇرۇش يۈرۈشىگە ئاتلاندى.

## ● دۈشمەن قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ●

پېرسىيە زېمىنلىرىنى ساقلاۋاتقان بەقرە شاھزادە رابىنا بىلەن خاناباد ـ نىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى غەزەپلەندى. ئۇ ناھايىتى مەرگەن ئىدى. مەيلى ئاسماندىكى ئۇچار قاناتقا، مەيلى يەردە چېپىپ كېتىۋاتقان هايۋاناتقا، ھەتتا شامال ئۇچۇرۇۋاتقان يوپۇرماققا بولسۇن، ئوق ئاتسىلا تەگكۈزمەي قالمايتتى.
—ئانتونى زور قوشۇننى باشلاپ مۇندىيا بىلەن بىللە ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ، —دەپ چاپارمەن ھاسراپ ـ ھۆمىدەپ خەۋەر قىلىپ كىردى.
—ياخشى، ئەمدى قىرغىنچىلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئانتونىغا مەن كۆرسىتىپ قوياي.
بەقرە ئۇچىسىغا قاپقارا ساۋۇت ـ دوبۇلغا كىيىپ، قولىغا قارا قالقان ئېلىپ بارلىق لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىكيا تۈزلەڭلىكىگە كىردى.
ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتى. ئارىلىق يۈز چامداپچە قالغاندا، ئىككىلا تەرەپ قاتار سەپ ھاسىل قىلىپ ھۇجۇم ھالىتىدە تۇردى. پارس ئارمىيىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بەقرە شاھزا ـ دىنىڭ ئەتراپىنى يۈز قارا چەۋەنداز قوغداپ تۇراتتى.

—قېنى سەن مونديا؟ رابىنا بىلەن خانابادنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، مانا مەن بەقرە جەڭگە چۈشتۈم. قورقمساڭ، مەيدانغا چۈش! مېنىڭ نامىمنى ئاڭلاپ ئۆزۈڭنى قويىدىغان جاي تاپالماي قىلىۋاتامسەن يا؟

بەقرە شاھزادىنىڭ ئۆزىنى قورقۇنچاق دەپ مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى ئۇچقان مۇنديا ئات چاپتۇرۇپ مەيدانغا چۈشتى.

—بەقرە شاھزادە، ئاشۇ گەپ چىققان تىلىڭنى كېسىۋالاي. توختاپ تۇر. رابىنا ئۈچۈن ئىنتىقام ئالارمىش تېخى.

كۈلگۈمنى كەلتۈرۈپ، —مۇنديا شۇنداق دەپ ئۇ تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋېدى، لېكىن شاھزادىنى قوغداپ تۇرغان يۈز چەۋەنداز ئۇنى يېقىن كەلتۈرمىدى. شۇ پۇرسەتتە شاھزادە ئوقياسىنى مۇندىياغا قاراپ توغرىلىدى. بۇنى ئانتونىنىڭ بىر سەركەردىسى كۆرۈپ قالدى ـ دە، دەرھال ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ مونديانىڭ ئېتىغا قامچا ئۇرۇۋەتتى. تۇيۇقسىز تەگكەن بۇ قامچىدىن ئات سەكرەپ چەتكە تاشلاندى، دەل شۇ چاغدا بەقرە شاھزادە ئاتقان ئوق مونديانىڭ يېنىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئەگەر ئات جايىدا تۇرغان بولسا، مۇنديانىڭ تىنىقى تېنىدە قالماسلىقىدا گەپ يوق ئىدى.

—بەقرە شاھزادە! —دەپ ۋارقىرىدى ئاتايا ئاتقا قامچا ئۇرغان سەركەردە، —ئاڭلاپ تۇر، مەن سەركەردە سىگۇرا. ئەمدى ئوقيا ئېتىشنى مەندىن كۆر!

ئۇ شۇنداق دەپلا ئوقيانى بىر ئېتىۋېدى، شاھزادىنى قوغداش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كەلگەن ئىككى قارا چەۋەنداز يەر چىشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن جەڭ باشلىنىپ كەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ئارىلاش ـ قۇرىلاش بولۇپ بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلىشقا باشلىدى. جەڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە داۋاملاشتى، كىمنىڭ يېڭىپ، كىمنىڭ يېڭىلگەنلىكى تېخىچە سۈزۈلمىدى، ئاخىر ئىككىلا تەرەپ ھېرىپ سەل ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن لەشكەرلىرىنى كەينىگە چېكىندۈردى، ئانتونى يەردە ئولتۇرۇپ دېمىنى سەل رۇسلىۋالغاندىن كېيىن، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

ــــهۇجۇم! ــــدەپ ۋارقىرىدى. لېكىن، تولۇق بىر كۈن جەڭ قىلىپ هالىدىن كەتكەن لەشكەرلەر قانداقمۇ هۇجۇمغا ئۆتەلىسۇن!؟

ــــهازىر دۈشمەنلەر هېرىپ ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. شۇ تاپتا هۇجۇمغا ئۆتەلىسەك، ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىۋېتەلەيمىز. رىمنىڭ باتۇر لەشكەرلىرى، تۇرۇڭلار! غەيرەت قىلىڭلار! هۇجۇم!

ئانتونىنىڭ ناتىقلىقى كۈچىنى كۆرسەتتى. لەشكەرلەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ غەيرەتكە كەلدى ـ دە، ئورنىدىن «دۈررىدە» تۇرۇشۇپ: «ئالغا!» دەپ توۋلىغىنىچە، پارسلارنىڭ ئۈستىگە يوپۇرلۇپ باردى. بۇ تۇيۇقسىز هۇجۇمدىن گاڭگىراپ قالغان پارسلار تەرەپ ـ تەرەپكە پېتراپ كېتىشتى.

بەقرە هەرقانچە ۋارقىرىسىمۇ قېچىۋاتقان لەشكەرلىرىنى توسۇپ قالالـ مىدى، ئاخىر ئامال قىلالماي ئەللىكچە چەۋەندازىنىڭ قوغدىشى بىلەن كەينىگە چېكىندى، لېكىن رىم لەشكەرلىرى توختاپ قالماي كەينىدىن قوغلىدى. شاهزادە چېكىنىپ تۇرۇپ كەينىگە توختىماي ئوق ئۈزدى ۋە ئاخىر بىر ئۆستەڭنىڭ بويىغا كەلدى. قوغلاۋاتقانلار ئوقى تۈگەپ خېلى يىراق بىر يەردە توختاپ قالغانىدى. ئۇلار ئاتلىرىنى سۇغۇرۇۋاتقاندا سىگۇرا تۇيۇقسىز ــــ يىگىرمە ئوتتۇز لەشكىرى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

ــــبەقرە شاهزادە، مەن سىگۇرا سەن بىلەن ئوقيا ئېتىشقىلى كەلدىم!

ــــهە، هېلىقى ئوقنى ئاتقان مەرگەن سەنمۇ؟ مەن بىلەن ئوقيا ئېتىشقىلى كەلدىڭ؟ باتۇرلۇقىڭغا ئاپىرىن! لەشكەرلىرىم، چەتتە تۇرۇڭلار، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم يەكمۇ يەك ئېلىشىمەن. مېنى هېچكىم توسمىسۇن!

ئۇ چەۋەندازلىرىنى بىر چەتكە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، يەنە سىگۇراغا ۋارقىرىدى:

ــــهازىر قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. بىر نەرسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمىسىمۇ، دوبۇلغاڭنىڭ ئۇچىدىكى پەينى ئېتىپ چۈشۈرۈپ ساڭا قانداق مەرگەن ئىكەنلىكىمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي!

## دۈشمەن قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى



# دۈشمەن قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى



ئۇ كېيىنى توكتىپ ئوقدانىدا ئېشىپ قالغان ئىككى تال ئوقنىڭ بىرىنى ئالدى ـ دە، ساداققا سېلىپ ئاتتى. ئوق ئۇدۇل بېرىپ سىكۇرانىڭ دوبۇلغىسىدىكى پەيىنى ئۇچۇرۇۋەتتى.

ــــ يارايسەن! ھەقىقەتەن قالتىس مەرگەن ئىكەنسەن. ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى. مۇشۇ قاراڭغۇدا مەن ئوقۇمنى مەيدەڭدىكى توساققا تەگكۈ ـ زىمەن! ــــ ئۇ كېيىنى توكتە ـ توكەتمەيلا ئوقنى ئېتىۋېدى، بەقرە ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇلگۇرەلمىدى. ئوق مەيدىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. شاھزادىنىڭ ئاتتىن دومىلاپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ چەۋەندازلار غەزەپكە كەلدى ۋە ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا يوپۇرۇلۇپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر قەپەس ئېلىشىش باشلاندى.

بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن سىكۇرا ئوقنى جايىغا تەگكۈزدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب سىكۇرانىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇدىمۇ ئوبدان كۆرەتتى.

بەقرە شاھزادە ئۆلۈش بىلەن تەڭ پارسلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى سۇن ـ دى. شۇنىڭ بىلەن ئانتونى ئارمىيىسى ئۇلارنى سۈرۈپ ماڭدى. ئۇلار سۈرىيىنى تاشلاپ مېسسوپوتامىيىگە قاچتى ۋە شۇندىن ئېتىبارەن رىم زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

ئانتونى پارسلارنى جازالاپ ئافىناغا قايتىپ كەلگەندە پۈتۈن ئافىنا خەلقى ئالدىغا چىقىپ ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئانتونىمۇ بۇ غەلىبىنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەتلەرنى بېرىپ، ئويۇن ـ تاماشالارنى ئۇيۇشتۇردى. ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىمۇ ئۆتكۈزۈلدى. يورغىلاپ مېڭىش، دىس ـ كا ئېتىش، ئېگىزگە سەكرەشكە ئوخشاش مۇسابىقە تۈرلىرىدە ئانتونى بېشىدا تۇرۇپ باشقۇردى. بۇ ئانتونىنىڭ شان ـ شۆھرىتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن چاغ ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇزۇن زاماندىن بۇيان پاراكەندە ـ چىلىك سېلىپ يۈرگەن پارسلارنى يەڭگەن كىشى ئەڭ قابىل، ئەڭ باتۇر سەردار ھېسابلىناتتى، ئەلۋەتتە. ئانتونى بارگاھىنى كېڭەيتىپ ئافىنادا ئۇزۇن زامان تۇرماقچى بولدى، كاتتا ھەربىي پارات ئۆتكۈزدى، جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەن سەركەردىلەرنى، لەشكەرلەرنى مۇكاپاتلىدى. ئەڭ

چوڭ تۆھپە كۆرسەتكۈچى مۇندىيا بولدى، ئۇندىن قالسا، سىگۇرا، ئاندىن داشىدا، فوئايرو قاتارلىقلار.

دەل مۇشۇ چاغدا، سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن- باسار سەركەردە گاندىيا ئوتتۇرا شەرقتىن قايتىپ كەلدى.

## مەلىكە ئوكتوۋيانىڭ مەۋقەسى

ئەگەر كۈنلەر تىنچ ئۆتۈۋەرسە، دۇنيامۇ تىنچ ئۆتەتتى. لېكىن جاھان- دىكى ئىشلار بىز ئويلىغاندەك بولمايدۇ.

بىر كۈنى ئانتونى خانىمى ئوكتوۋيا بىلەن ئافىنادىكى قەسرىدە ناشتا قىلىۋاتقاندا رىمدىن بىر خەۋەرچى كېلىپ، ئانتونىغا:

—ناھايىتى مۇھىم بىر مەلۇمات ئەكەلدىم، شەخسەن ئۆزىڭىزگە يەتكۈزۈشۈم كېرەك، —دېدى. ئانتونى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئايرىم بىر قوبۇلخانىسىغا باشلاپ كىردى.

—خوش، ماڭا ئايرىم، دېگۈدەك نېمە گەپكەن ئۇ؟

—جانابى ئوكتاۋى پومپېيغا جەڭ ئېلان قىلدى.

—نېمە؟ —غەزەپتىن ئانتونىنىڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتتى. بۇ قانداق گەپ! لېپىدۇ، ئانتونى، ئوكتاۋى ئۈچى پومپېي بىلەن سۈلھى قىلىپ تىنچلىق كېلىشىمگە قول قويغان تۇرسا، بۇگۈنكى كۈندە ئوكتاۋى ئانتو- نىغا ھېچنېمە دەپ قويماي، پومپېيغا جەڭ ئېلان قىلسا، بۇ قارا يۈزلۈك ئەمەسمۇ! قارا يۈزلۈكلا ئەمەس، ئانتونىنى پۈتۈنلەي كۆزگە ئىلمىغانلىق بۇ!

—بۇنىڭدىن لېپىدۇنىڭ خەۋىرى بارمۇ؟

—ۋاي تاڭ، چۈنكى لېپىدۇ ھازىر ئافرىقىدا، بەلكىم بىلمەسلىكى مۇمكىن.

—ۋۇ، رەزىل مەلئۇن، ئەسلىدە لېپىدۇ بىلەن ئىككىمىزنى بىر

چەتكە چىقىرىپ قويۇپ رىمنى يالغۇز ئۆزى سورىماقچىكەن ـ دە، ئۇ!
ــــشۇنداق. ئۇ شۇنداق قىلماقچى ئوخشايدۇ.
ــــماڭ، مونديا بىلەن گانديانى چاقىرىپ كىر!
ئۇ چىقىپ كېتىپ بىر ئازدىن كېيىن ئىككى سەركەردە يېتىپ كىردى. ئانتونى بايامقى خەۋەرنى ئۇلارغا قىسقىچە يەتكۈزۈپ بولۇپ مۇنداق دېدى:
ــــخوش، ئەھۋال مۇشۇ. ئەمدى سىلەر دەپ بېقىڭلار، قانداق قىلساق بولىدۇ؟
ــــئەمدى ئوكتاۋىنىڭ ئەدىبىنى بېرىدىغان ۋاقتىمىز كەپتۇ، ــــ دېدى گانديا ئاۋۋال سۆز ئېلىپ، ــــ ئۇنى قارا يۇزلۈك قىلغانلىقىغا تويغۇزۇشىمىز كېرەك، بىز پارسلارنى يەڭدۇق، شۇڭا لەشكەرلىرىمىزنىڭ روھى بەك ئۇستۇن.
ــــئوكتاۋىنى يېڭىشقا كۈزۈڭلار يېتەمدۇ؟
ــــيېتىدۇ!
ــــقانچە تېز بولساق شۇنچە ياخشى. ئەتىلا ئاتلىنايلى، ــــدېدى مۇندىيامۇ كۆكرەك كېرىپ چىقىپ.
ــــبولىدۇ. ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، بىراق بۇنى ئوكتوۋيا بىلىپ قالمىسۇن، نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ ئوكتاۋىنىڭ ئاچىسى.
ئىككى سەركەردە چىقىپ كېتىشى بىلەن تەڭ، ئوكتوۋيا كىردى ـ دە، چىرايى تاتارغان هالدا ئانتونىدىن:
ــــسىز ئىنىم بىلەن ئۇرۇش قىلماقچىمۇ؟ ــــدەپ سورىدى.
ــــئاڭلىدىڭمۇ؟
ــــھەئە. قارىسام ئۇنىڭ كېيى چىقىۋاتىدۇ. ئەنسىرىدىم، شۇڭا ئوغرىلىقچە ئاڭلاش گۇناھ بولسىمۇ مەيلى دەپ ئاڭلاۋەردىم.
ــــشۇنداقمۇ، ئەمىسە ئاڭلىغان بولساڭ سەندىن يوشۇرمايمەن. ئوكتاۋى تىنچلىق كېلىشىمىنى بۇزدى، شۇڭا ئۇنى ئەدەپلىمەي بولمايدۇ.
ــــئۇكام بەلكىم ئۇنداق قىلمىغاندۇ؟
ــــخەۋەرچىم ناهايىتى ئىشەنچلىك ئادەم، ھەرگىز ئاساسسىز گەپنى

كۆتۈرۈپ كەلمەيدۇ. ئەھۋال راست مۇشۇنداق بولۇپ قالسا، سەن قانداق قىلىسەن؟ ئېرىڭ تەرەپتە تۇرامسەن، ئۇكاڭ تەرەپتىمۇ؟ ئۇكاڭ تەرەپتە تۇرىمەن دېسەڭ، ئۇنىڭغىمۇ قارشى ئەمەسمەن. سېنى تىنچ - ئامان ئىنىڭنىڭ قېشىغا يەتكۈزۈپ قويىمەن، بۇنىڭدىن خاتىرجەم بول.

ئانتونى ئىككى قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ ئوكتوۋيانىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇردى. ئوكتوۋيا ئۇ ياققا قارىسا ئېرى، بۇياققا قارىسا ئىنىسى، نېمە قىلىشنى بىلمەي ناھايىتى قىينالدى، ھەتتا يىغلىغۇسىمۇ كەلدى، ئاخىر لەۋلىرىنى چىشلىدى - دە، ئۆزىنى ئاران بېسىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئانتونىغا دېدى:

—مەن ھېچقايسى تەرەپتە تۇرمايمەن؛ ماڭا ئىككىڭلار لا كېرەك. مەن سىزنى سۆيىمەن، ئىنىمنىمۇ سۆيىمەن، ئىككىڭلار ئىناق ئۆتسەڭلار، ئۆزۈمنى بەكمۇ بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم. بىراق، ھازىر ئاراڭلاردىكى ئەپ بۇزۇلۇپتۇ؛ ناۋادا ئىككىڭلارنىڭ بىرەرىگە كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، مەن بۇ دەردنى قانداقمۇ كۆتۈرەلەيمەن!؟ مېنى ھازىرلا ئىنىمنىڭ يېنىغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ. مەن ئۇنىڭدىن زادى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىر سوراپ باقاي.ئەگەر ئۇ راستلا شۇنداق قىلماقچى بولسا، مەن ئۇنى توسايمەن، چوقۇم ئىككىڭلارنى ياراشتۇرمىغۇچە بولدى قىلمايمەن.

ئانتونى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان ھالدا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ:

—بوپتۇ — دېدى، — بارغىن سېنى قوغداۋاتقان نۆكەرلەر بىلەن بىللە بارغىن. مەن جاۋابىڭنى كۈتىمەن. سەندىن خەۋەر كەلمىگۈچە ھەرگىز ئۇرۇش قىلمايمەن.

—رەھمەت سىزگە.

ئوكتوۋيا سەپەر تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن ھوجرىسىغا قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ رىمدىن ئەكەلگەن كېنىزىكى چىرايىغا قاراپ:

—مەلىكەم، —دېدى، — نېمە ئىش بولدى؟ چىرايىڭىز تاتىرىپ كېتىپتىغۇ؟...

—ھېچنېمە بولمىدى. گەپنى قويۇپ چاچلىرىمنى تاراپ قويغىنا!

كېنىزەك ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ پىل چىشىدىن ياسالغان تارغاق بىلەن چېچىنى تاراشقا باشلىدى.



—چېچىمنى تاراپ بولۇپ لازىمەتلىكلىرىمنى تېڭىپ تەييار قىل. سەنمۇ مەن بىلەن ماڭىسەن.

—بۇ گەپچە، ئابايا راستلا …

—باشقىچە ئويلىما، مۇھىم بىر ئىش بىلەن رىمغا بارىمىز، ئىشنى پۈتتۈرۈپلا قايتىپ كېلىمىز.

كېنىزەك ئوكتوۋيانىڭ كۆزىگە ياش ئالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، قولىمۇ چاچ تاراشتىن توختاپ قالدى.

—مەلىكەم ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىغان نىيەتكە كەلگەن ئوخشىمامسىز؟

—بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ مېنىڭ باشقا يەردە تۇتۇقلۇق ئۆيۈم بارمىدى؟ ئانتونىنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالما!

سەپەر تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن مەلىكە ئوكتوۋيا كېنىزىكى بىلەن مەپىگە چىقتى. ئانتونىنىڭ ئون نۆكىرى ئۇنى قوغداپ ماڭدى. ئانتونى قەسىر پەلەمپىيىدە قولىنى پۇلاڭشىتقىنىچە ئۆزىنىڭ بۇ ۋاپادار، سەممىي ۋە كۆلدەك چىرايلىق رەپىقىسىنى ئۇزىتىپ قويدى. مەلىكە ئوكتوۋيا بۇنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئايرىلىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيغاندەك پات - پات ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ قويىاتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئوكتوۋيا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى دېڭىزدىن ئۆتۈپ ئىتالىيىگە يېتىپ كەلدى. قىرغاقتا بىر مۇنچە لەشكەر تۇراتتى. مەلىكىنىڭ بىر نۆكىرى ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ئوكتاۋىنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ كەلدى.

—ھە، ئۇكامنىڭ ئادەملىرىمكەن، —دېدى ئوكتوۋيا، — ئۇنداقتا، ئۇكاممۇ كەپتۇ - دە؟

—بۇنى تازا ئېنىق بىلمىدىم.

—قېنى، بېرىپ قاراپ باقايلى.

ئۇلار ئۇ يەرگە بېرىپ ئوكتاۋىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئاكىلبانى كۆردى. ئاكىلبا مەپىدىن ئوكتوۋيانىڭ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا ئوكتاۋىنىڭ يەنە بىر يېقىنى مېسىنامۇ پەيدا بولدى.

ــــئىنىم بارمۇ؟ ـــ سورىدى مەلىكە ئۈنىڭدىن.

ــــۋايىەي بار. مەن بېرىپ دەرھال خەۋەر قىلاي، ـــ مېىنا بارگاھقا قاراپ ئوقتەك ئۇچتى.

ــــئەجەب ئوبدان كەپسەن ئاچا، ـــ دېدى ئوكتاۋى مەلىكىنى كۆرۈپ، ـــ سەندىن ئەندىشە قىلىپ ئولتۇراتتىم.

ئوكتاۋى خۇشال ھالدا ئاچىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ بارگاھقا باشلىدى. بۇ دەل ئاپېلىسىن پىشىدىغان مەزگىل بولۇپ، پەتنۇسقا ساپسېرىق ئاپېلە-سىنلار دۆۋلىنىپ تۇراتتى. ئوكتاۋى ئاچىسىغا ئاپېلىسىن ئاقلاپ بەرگەچ سورىدى:

ــــئاچا، تۇيۇقسىز كېلىپ قاپسەنغۇ، نېمە ئىش بولدى؟

ــــتوختا، ـــسوئالنى ئاۋۋال مەن سوراي: بۇ يەرگە جىق لەشكەر ئەكىلىۋاپسەن، نېمە بولدى؟

ــــمەن پومپېينى جازالىماقچىمەن.

ــــئۇنىڭ بىلەن سۈلھى تۈزگەن ئەمەسمىدىڭ؟ ئۇ غەزىپىڭنى كەلتۈرگۈدەك نېمە ئىش قىلدى؟

ــــئەسلى ئۇ دېڭىز قاراقچىلىرىنى يوقىتىشقا ۋەدە بەرگەن، لېكىن ۋەدىسىنى ئادا قىلمىدى. ھازىرمۇ دېڭىز قاراقچىلىرى رىمغا ئاشلىق توشۇپ كېلىۋاتقان كېمىلەرنى بۇلاۋاتىدۇ. شۇڭا خەلقنىڭ يەيدىغان ئاشلىقى ئۆك-سۈپ قېلىۋاتىدۇ. پومپېي ئادەمگە ۋاپا قىلمايدىغان نەرسىكەن، شۇڭا ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويماقچىمەن.

ــــماقۇل، شۇنداقمۇ بولسۇن، لېكىن بۇ ئىشنى لېپىدۇ ۋە ئانتونى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىلىشىڭ كېرەك ـ دە، ـــ؟

ــــلېپىدۇنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا مەسلىھەت سېلىش ھاجەتسىز. ئانتونىغا كەلسەك، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز بىر پىكىرگە كېلەلمەيمىز. ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا قاينىغان ئىش نەدە بار دەيسەن. مۆرىتى كەلگەندە نىيەت قىلغان ئىشنى قىلىۋېرىش كېرەك. ئىشقىلىپ، مەن ئۆزۈم توغرا تاپقان ئىشنى قىلىۋېرىمەن، ـــ ئوكتاۋى خۇددى باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك ئاۋازىنى پەسەيتىپ تۇرۇپ

سۆزنى داۋاملاشتۇردى، ــــ ساڭا راست گەپنى ئېيتاي، ئاچا! بۇ مەن ئۈچۈن ئوبدان بىر پۇرسەت. ئانتونى پارسلارنى يېڭىپ خۇدىنى بىلمەي قالدى. ئۇ رىمغا قايتىپ كەلسە، خەلق ئۇنى چوقۇم ئەۋلىيادەك ئۇلۇغلاپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ. مەن مەرتىۋەمدىن بىراقلا يەرگە چۈشىمەن. تېخى ئانتونى رىمغا پادىشاھ بولۇۋېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇ چاغدا مەن مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيمەن. يەنە ئانتونىنى مېنى يوقىتىۋەتمەيدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئافىنادا تۇرۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاۋۋال پومپېينى يوقىتىمەن، دېگىنىزدىكى ھوقۇقنى قولۇمغا ئېلىپ ئۆزۈمنى مۇستەھكەملىۋالىمەن. شۇ چاغدىلا ئانتونى مەن بىلەن ھېسابلىشىپ ئىش قىلىدىغان بولىدۇ. بولمىسا، ماڭا خاتىرجەملىك يوق، ــــ ئوكتاۋى ئىچىدىكى سىرىنى دەپ بولغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا، ــــ مېنىڭ بىرلا غېمىم بار ئىدى، ــــ دېدى، ــــ ئۇ بولسىمۇ سېنىڭ ئىشىڭ، ھەر نېمە بولسا سەن قايتىپ كېلىۋالدىڭ، بۇ غېمىممۇ تۈگىدى. ئەمدى پومپېينىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بارىمەن.

مەلىكە ئوكتوۋيا سۆزنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئىنىسىنىڭ چىرايىغا تازا تىكىلىپ تۇرۇپ كېتىپ مۇنداق دېدى:

ــــ بۇ ئىشىڭنى ئاڭلاپ ئانتونىنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ كەتتى. سېنى كېلىشىمنى بۇزدى دەپ ئۇرۇش قىلماقچى بولۇۋېدى مەن زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ باقاي، ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش قىلارسىز، دەپ ئۇنى توختىتىپ قويدۇم. شۇڭا ئالدىڭغا كېلىشىم.

ــــ ھە، ماقۇل، سېنىڭچە قانداق قىلسام بولىدۇ؟

ــــ مېنىڭچە ئىككىڭلار يارىشىپ قېلىڭلار. سەن مېنىمۇ ئويلاپ قوي. مەن ھەم سېنىڭ ئاچاڭ، ھەم ئانتونىنىڭ خوتۇنى. ئىككىڭلار ئارازلىشىپ قالساڭلار، مەن قايسى تەرەپتە تۇرۇشۇم كېرەك؟ خوش بولاي، ئىككىڭلار ھەرگىز سوقۇشۇپ قالماڭلار، بۇ ئىش بىلەن مېنىڭ بەختىمگە ئولتۇرۇپ قويماڭلار. ئانتونى ھالال ئادەم، ئۇ ماڭا ۋەدە بەردى، مېنىڭ جاۋابىم بارمىغۇچە ھەرگىز ساڭا ئۇرۇش ئېلان قىلمايدۇ.

ئوكتاۋى ئاچىسىنىڭ سۆزنى ئاڭلاپ بۇ ئىشتا قارامىلىق قىلماسلىق

كىرەكلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا ئويلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مېسنا بىلەن ئاكىلىيا چاقىرىپ كېلىندى. ئوكتاۋى ئاچىسىدىن ئاڭ-لىغانلىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇچى بۇ توغرۇلۇق مەسلىھەتكە چۈشتى. مېسنا ئوكتاۋىنىڭ سەل ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا مۇنداق دېدى:

—شۇنچە جىق لەشكەرنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىپ ھېچ ئىش قىلماي ئەكەتسەك قانداق بولىدۇ؟ ئانتونى مەقسىتىمىزنى سېزىپ قالغان بولسا مەيلى، قىلىدىغانلىقىمىزنىقىلىۋېرەيلى!

—لېكىن، —دېدى ئاكىلىيا، — مەلىكىمىزگە ئىنىسىمۇ، ئېرىمۇ كېرەك، شۇڭا ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. مۇنداق بولسۇن: بىز بۇ يەرگە سەردار ئانتونىنى قارشى ئېلىش ئۇچۇن كەلگەن، ھەرگىزمۇ پومپېي بىلەن ئۇرۇش-قىلى كەلمىگەن، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، دەپ گەپ تارقىتايلى. شۇنىڭ بىلەن ئىش چىرايلىق ھەل بولمامدۇ. پومپېيغا تېتىيالىشمىزدىغۇ گەپ يوق، لېكىن ئانتونى كەينىمىزدىن باستۇرۇپ كېلىپ قالسا، غەلىبە قىلالاي-مىز دېگىلى بولمايدۇ. ھازىر ئانتونى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئۇنىڭ بىلەن ھېساب ـ كىتابنى كېيىنچە قىلىشۋالارمىز.

ئوكتاۋى ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، ئاكىلىيانىڭ سۆزىنى توغرا تاپتى.

—بولىدۇ، ئەمىسە ئاۋۋال ئانتونىنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىپ قويايلى. ئەلچىمىز بېرىپ ئۇنىڭغا گەپنى مۇشۇنداق يەتكۈزسۇن!

مەسلىھەت تىنغاندىن كېيىن ئوكتاۋى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئاچىسىـنىڭ قېشىغا چىقتى.

—ئاچا، سىنىڭ يۈز ـ خاتىرەڭنى قىلدىم. ئىش سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە بولىدىغان بولدى.

—ۋاي راستىمۇ؟ ئەجەب ياخشى بوپتۇ، رەھمەت ساڭا!

—بىراق، مېنىڭمۇ سەندىن ئۆتۈنىدىغان بىر ئىشىم بار، ئاچا.

—نېمە ئىش؟ سەنمۇ مېنىڭ ئىلتىماسىمنى يەردە قويمىدىڭ،

ئىشقىلىپ قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى ئىش بولسا، مەنمۇ ھەرگىز سىنىڭ تەلىپىڭنى يەردە قويمايمەن.

—ئەمىسە ئېيتاي: رىمدا بىر مەزگىل تۇرساڭ. سەنسىز مەن رىمدا زېرىكىپ قالىدىكەنمەن!

—ئۇكام، مەنمۇ سەنسىز زېرىكىمەن. لېكىن، مەن ئانتونىنىڭ ئايالى تۇرسام!

—ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن سىنى مەڭگۈ قالىغىن دەۋاتقىنىم يوق، بەش - ئالتە ئاي تۇرغىن …

—لېكىن ئانتونى ئۇنىماسمىكىن.

—ئانتونى بىلەن بولغان دوستلۇقىمنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارماقچى. ئۇنىڭغا ئاچامنى ئويلاپ ھەرگىز سەن بىلەن ئارازلاشماسلىق نىيىتىگە كەلدىم دەيمەن ھەم سىنىڭ بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرىدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ قويىمەن. ئۇ ئۇنايدۇ.

ئىنىسىنىڭ يالۋۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مەلىكىنىڭ كۆڭلى يۇمشىدى. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئەگەر ماقۇل دېمىسە ئىنىسىنىڭ ئىشنى تەتۈرىگە بۇراپ سېلىشىدىنمۇ ئەنسىرىگەنىدى.

—ماقۇل، ئەمىسە سىنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن!

بۇ گەپتىن كېيىن ئوكتاۋى ئاكىلىبانى ئەلچى سۈپىتىدە ئانتونىنىڭ نۆۋكەلەرلىرىگە قوشۇپ ئافىناغا، مەلىكە ئوكتوۋيانى كېنىزىكى بىلەن بىللە رىمغا يولغا سالدى.

## ھىلىگەر باشلىق

ئوكتاۋىنىڭ ئەلچىسى ئاكىلبا ئانتونى بىلەن كۆرۈشۈپ مۇنداق دېدى:

—باشلىقىمىزنى پومپېينىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتماقچى بوپتىكەن،

ئانتونى ئاكلاپ غەزەپلىنىپتۇ، دېگەن گەپ ـ سۆزلەر بار ئىكەن. باشلىقى-
مىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خاپا بولدى. ئوكتاۋىدا ھەرگىز بۇنداق
نىيەت يوق. سىز رىمنىڭ ئۇزۇن يىللىق دۈشمىنى پېرسىيىنى يەڭگەندىڭىز،
شۇڭا ئۇ رىمدىن سىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىڭىزغا چىققان. ئۇ
ھەتتا سىزنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن بۇ يەرگىمۇ كەلمەكچى.

ئەزەلدىن كۆڭلى تۈز ئانتونى ئاكىلىبانىڭ بۇ ياغلىما سۆزلىرىنى
ئاڭلاپ ئىشەندى، ئوكتاۋىغا بولغان غەزىپىمۇ بىراقلا كۆڭلىدىن كۆتۈرۈ-
لۈپ كەتتى.

ــــ ھە، ئىش مۇنداقكەن ـ دە. مەنمۇ ھەقاچان پومپېي ئوكتاۋى
بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن قەستەن ئىغۋا تېرىغانمىكىن
دەپ ئويلىغان. مەن جانابى ئوكتاۋىنى بەك ھۆرمەتلەيمەن. بۇ كۆڭلۈمنى
ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويارسەن. ئۇ ئالدىمغا كەلمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. مەن
بارسامىمۇ بولۇۋېرىدۇ. مۇنداق بولسۇن، مەن ئىتالىيىنىڭ دارونتان دېگەن
يېرىگە باراي، بىز شۇ يەردە كۆرۈشەيلى. ئاكىلبا، بۇ يەردە ئىككى ـ
ئۈچ كۈن تۇرغىن. ئافىنانى تاماشا قىل. بۇ يونانىنىڭ تازا قۇدرەت تاپقان،
گۈللەنگەن چاغلىرىدىكى پايتەختى. بۇ يەردە كۆرگۈدەك نۇرغۇن ئېسىل
نەرسىلەر بار.

باياتىن بېرى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ سوغۇق تەرگە چۆمۈپ
ئولتۇرغان ئاكىلبا ئانتونىنىڭ ئېچىلىپ ـ يايراپ سۆزلىگەن بۇ سۆزلىرىنى
ئاڭلاپ ئېغىرچىلىقتىن قۇتۇلغاندەك «ئۇھ» دەپ تىنىۋەتتى ـ دە، خوشلى-
شىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ تالاغا چىققاندا تۇيۇقسىز بېرى ئۇنىڭ مۈرىسىنى ئۇرۇپ:

ــــ ھە، ئاكىلبا، بارمۇسەن، ئۇزۇن بوپتۇ كۆرۈشمىگىلى. ئىشلىرىڭ-
نى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتۈرۈۋالغانسەن ـ ھە؟ ــــ دېدى. ئاكىلبا كەينىگە
بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇ كىشى ئۆز ۋاقتىدا پومپېيغا قارشى ئۇرۇشنى توساشقا
ئەقىل كۆرسەتكەن ئېنوبابا ئىدى.

ــــ ھە، ئېنوبابا ئىكەنسەنغۇ! يۈر، ئېنوبابا، ماڭغاچ سۆزلىشەيلى!

ئۇ ئىككىسى ئافىنا كوچىلىرىدا كېتىۋاتقاچ پاراڭغا چۈشتى:

—ئەسلىدە باشلىقنىڭ پومپىيىنى باپلىماقچى بولغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ ئانتونىنى قارشى ئېلىشقا چىققاندۇق دەۋالدى. قارا ئۇستىلىقىنى!

—يائاللا، سەندىن ھېچقانداق ئىشنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ جۇمۇ.

—سېنىڭ باشلىقىڭ بەكمۇ ھېلىگەر، مېنىڭكى بولسا تۈز. باشلىقىڭ بىر كۈنى ئۇنى ئوڭدا قويىمىغىدى.

—بىزنىڭ باشلىقنى ئۇنچىۋالا يامان كۆرمە. ئەسلىدە باشلىق دېگەن سېنىڭكىدەك قابىل بولسىغۇ ئادەم خاتىرجەم بولىدۇ ...

—باشلىق ھارامزادە بولسا، ئادەمنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلىدىغانلىقىمۇ راست.

ئىككىسى قاۋاقخانىدا ئازراق پەيزى قىلىشىپ چىقتى. ئېنوبابا ئاكىلىبا بىلەن خوشلىشىپ ئانتونىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

—ئوكتاۋىنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىشى بىر ياخشى پۇرسەت، —دېدى ئۇ، — ئۇ ھامان بىر كۈنى سىزگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ. ھازىر بىزنىڭ راسا جەڭگىۋار ۋاقتىمىز. مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇنى يوقىتىۋېتەيلى.

ئۇ ئانتونىنىڭ قۇلىقىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئېيتىۋېدى، ئانتونى بېشىنى چايقىغىنىچە:

—ئالدىمغا سالامغا كەلگەن ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم خەلقى ئالەم ماڭا نەپرەت ئوقۇيدۇ. ئۇنداق قىلىش مەرتىنىڭ ئىشى ئەمەس ئوكتاۋى دېگەن قەيسەرنىڭ جىيەنى ئەپ ئۆتمىسەك بولمايدۇ، — دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ ئۇنى يولغا سېلىۋەتتى.

ئانتونى زور قوشۇننى باشلاپ ئىتالىيىنىڭ دارونتان دېگەن يېرىگە كەلدى. ئوكتاۋىمۇ لەشكەرلىرى بىلەن شۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ئىككى تەرەپنىڭ كېمىلىرى دارونتان پورتىغا پاتماي قالدى. ئانتونى كېمىسىدە ئوكتاۋىنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزدى. ئالتۇن - كۈمۈشتىن ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيگەن ئوكتاۋى ئانتونى بىلەن خۇددى ئاكا - ئۇكىدەك كۆرۈشۈپ، خۇشامەت بىلەن مۇنداق دېدى:

—مۇبارەك بولسۇن غەلىبەڭگە! سېنىڭ قوشۇنىڭغا دۇنيادا ھېچكىم



تەڭ كېلەلمىگۈدەك. شۇنچە قۇدرەتلىك پارسلارنىمۇ ۋەيران قىلىۋەتتىڭ. قالتىس ئىكەنسەن جۇمۇ سەن! كۆكلۈكگە رەھمەت. مېنى دەپ شۇنچە يىراقتىن بۇ يەرگە كەپسەن. بۇرۇن سەندىن گۇمانلانغانلىقىم ئۈچۈن بەك نومۇس قىلدىم.

ئانتونىمۇ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى، ئاندىن ئىككىسى قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ئانتونىنىڭ زىياپىتى يەنە بۇرۇنقىدەك ھەشەمەتلىك ۋە باياشاد بولدى. ئىككىسى ئىچىشىپ خېلى تەڭشەلدى، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىمۇ قانغۇدەك ئىچىشۋالدى.

— ھە، راست، — دېدى ئوكتاۋى ئانتونىغا، — سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش بار ئىدى، ئاچام ئوكتاۋىيا ئىككىمىزنى ئارازلىشىپ قالمىسۇن دەپ ئالدىمغا كەلگەن ئەمەسمۇ، مەن ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئۇ خاتىرجەم بولدى. ئاچام رىمنى بەك سېغىنىپتۇ. ئۇ رىمغا بېرىپ بىر مەزگىل تۇرسا، قانداق دەيسەن؟

— بولىدۇ. مەنمۇ يېقىندا رىمغا قايتىمەن ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ئالدىدىراق بېرىپ تۇرغىنى تېخى ياخشى. بىراق مەن ئافىنادىن ھازىرلا كېتەلمەيمەن. تېخى دۈشمەننىڭ ئۇرۇقى قۇرۇغىنى يوق. مەن دەرھال كەتسەم، بۇلار يەنە توپىلاڭ كۆتۈرۈشى مۇمكىن.

— يەنە بىر ئىش، — دېدى ئوكتاۋى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — پومپېي ئىككىمىزنىڭ ئارىسىنى بۇزۇۋاتىدۇ. ئۇ بىزگە دېڭىز قاراقچىلىرىنى يوقىتىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن، لېكىن ۋەدىسىدە تۇرمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ قويايمىكىن دەيمەن، سېنىڭچە قانداق؟

مەنمۇ شۇ ئويدا، پومپېي پىتنە تېرىپ ئارىمىزنى بۇزۇۋاتىدۇ. شۇنداق قىل. ئۇنىڭغا بىر تېتىپ قوي. مەنمۇ بىللە بارسام بولاتتى، لېكىن شەرقنىڭ ئىسيانى مېنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ. شۇڭا ئۆزۈم بارالمايمەن، لېكىن ئوبدان كېمەمدىن يۈزنى ساڭا بېرەي.

— رەھمەت ساڭا. خۇددى قانىتىمغا قانات قوشقاندەك ئىش

قىلدىك.

ئەمدى ئوكتاۋىغا يول داغدام ئېچىلغانىدى. پومپېي بىلەن ئۇرۇشسام، ئانتونى ئاچچىقلىنارمىكىن دەيدىغان ئەندىشە ئەمدى يوق. تېخى ئۇنىڭ كۆچىگە كۆچ قوشۇپ ئانتونىنىڭ يۈز كېمىنى بەرگىنىچۇ. ئوكتاۋى سۇيى-قەستىنىڭ بۇنچە ئوڭاي ئەمەلگە ئېشىپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ تېرىسىگە سىغماي قالدى.

## قارا يۈزلۈك قىلىش

ئانتونى بىلەن ئوكتاۋىلار بىر - بىرىنى كۆتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزگەن زىياپەتتە راسا يەپ - ئىچىشىپ ئويۇن - تاماشا قىلىشقاندىن كېيىن، ئوكتاۋى پومپېينى جازالاش ئۈچۈن ستىسلىيىگە، ئانتونى يەنە ئافىناغا ماڭدى.

ئانتونى سەپەرگە مېڭىۋېتىپ ئوكتاۋىغا بەرگەن يۈز كېمىگە يەنە ئوتتۇز كېمىنى قوشۇپ بېرىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

موندىيا بىلەن گاندىيا قاتارلىق سەركەردىلەر بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋېتىدىن خاتىرجەمسىزلىنىپ تىت - تىت بولۇپ كېتىشتى،لېكىن ئانتونى كۆڭلىدە «پومپېيغا دېڭىزدا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. شۇڭا يۈز كېمىنى بەرگەن بىلەن ئىش تاڭاتمايدۇ. ئوكتاۋىغا يەنە ئوتتۇز كېمىنى قوشۇپ بەرگىنىم توغرا بولدى!» دەپ ئويلاتتى.

لېكىن، بۇ ئىشقا ئېنوبابا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى.

—— بۇلار ئەمدى، سەردار، —— دېدى ئۇ، ——پومپېينىڭ ئۇنچىۋالا قورقۇپ كەتكۈدەك يېرى يوق. ئۇ قول ئاستىدا بۇرۇن دېڭىز قاراقچىسى بولۇپ يۈرگەن مېنا بىلەن مېناكىلارنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن جاھانغا پاتماي قالغان. ھازىر ئۇ ئىككىسى پومپېيدىن رايى يېنىپ يەنە بۇرۇنقى كەسپىنى قىلغىلى كەتتى. شۇڭا پومپېي دېڭىزدىكى قاراقچىلىقنى تۈگىتەي دېسمۇ

كۆچى يەتمەي يۆرۈيدۇ، ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىش ئۈچۈن ئوكتاۋىغا ئەللىكچە كېمە بەرسىگىزلا كۇپايە بولاتتى.

ئېنوبابانىڭ دېگەنلىرى پۈتۈنلەي راست ئىدى. ئانتونى ئافىناغا قايتىپ بىر ئاي بولا — بولمايلا ئوكتاۋى پومپېينى مەغلۇپ قىلدى. شۇندىن كېيىن ئوكتاۋىنىڭ كۆچى بىردىنلا زورايدى. ئۈچ چوڭ كاتتىۋاشنىڭ بىرى بولغان لېپىدۇ ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ يىراققا سۈرگۈن قىلىندى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئانتونىنىڭ قويىقا چېچى تىك تۇرۇپ كەتتى. ئۇ مۇشتىنى تۈگۈپ:

— خەپ، مۇشۇ قىلغىنىڭغا ئەدىبىڭنى بىر بەرمىسەمم! — دەپ چېچىلىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭغا ئوكتاۋىنىڭ بىر پارچە مەكتۇپى يەتكۈزۈپ كېلىندى. مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«ئاچام سەن تۈپەيلى جىق خورلۇق تارتتى. سەن خوتۇنۇڭغا قارىمىدىڭ. يىراق يەرگە بېرىۋېلىپ ئاچامنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتىڭ. شۇڭا ئاچام سەن بىلەن ئاجرىشىپ كەتمەكچى. بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئۇ سېنىڭ ئەمرىڭدە ئەمەس. بۇ پۈتۈنلەي سەن كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەت.»

شۇنداق قىلىپ ئانتونى بىلەن ئوكتاۋىنىڭ مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي بۇزۇلدى. ئارىدا ئوكتوۋىيانىڭ تارتقان جاپاسىمۇ ھېچنېمىگە ئەسقاتمىدى. ئەمدى ئۇ ئىككىسى مەڭگۈلۈك قارشىلىشىش تەرىپىگە ئۆتكەنىدى.

## مىسىر ئايال پادىشاھىنىڭ غەزىپى

مىسىر، ئالېكساندىرىيە شەھىرى. ئانتونى رىمغا قايتقاندىن كېيىن كلېئوپاترا ئىچى سىقىلىپ،ئانتونىنىڭ كېلىدىغان كۈنىگە بارماق ساناپ ئولتۇردى. كلېئوپاترانىڭ ئامراق ئىككى كېنىزىكى جومىيان بىلەن ئېلو ھەم قىزىقچى مادىيانلا ئۇنى زېرىكتۈرمەسلىك ئۈچۈن ئەتراپىدا پەرۋانە

بولۇپ يۈرەتتى.

—نەغمە قىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى كلېئوپاترا بىر كۈنى. نەغمىچىلەر دەرھال نەغمىنى باشلىدى، لېكىن ئۇ بىردەمدىلا بۇنىڭدىن زېرىكتى ۋە قوللىرىنى سىلكىپ:

—بولدى، بولدى، توختىتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇ ئەسلىدە مۇزىكا ئاڭلىسام ئىچىمنىڭ سىقىلىشى قويۇپ بېرەرمىكىن دەپ ئويلىغان، لېكىن مۇزىكا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى دىل يارىسىنى تېخىمۇ قوزغىۋەتتى.

—جومىيان، كېلە، پومزەك ئويناپ باقايلى!

ئۇ كۆڭلىگە سەل ئارام بېرىش ئۈچۈن كېنىزىكى بىلەن پومزەك ئويناپ باقتى، لېكىن بۇمۇ بولمىدى. ئۇ يەنىلا زېرىكتى.

—ئوردىدىن چىقماي ئادەم ئەجەب زېرىكتى. قارماقلارنى ئېلىڭلار، دەريا بويىغا بېرىپ بېلىق تۇتۇپ ئوينايلى، — دېدى ئۇ.

—بېلىق تۇتۇش كۆڭۈللۈك ئىش،— دېدى قىزىقچى ماديان، — دەريا بويىدا نەغمە ئاڭلىغاچ بېلىق تۇتسىڭىز، سەردار ئانتونى بىلەن بىللە بېلىق تۇتقان كۈنلەر كۆز ئالدىڭىزغا كېلىدۇ.

شۇ چاغدا سەردارنىڭ قارمىقىغا بېلىق ئىلىنماي قالمىسۇن دەپ بىر غەۋۋاسنى سۇغا چۈشۈرگەنىدىم، ئۇ سۇ ئاستىدىن تۇيدۇرماي كېلىپ ئۇنىڭ قارمىقىغا بېلىقنى ئىلىپ قويدى. سەردار ئانتونى بۇنى بىلمەي، ۋاي بېلىق تۇتۇۋالدىم، دەپ خۇشال بولۇپ ۋارقىراپ كەتتى، قاراڭ!

قىزىقچى ماديان ئايال شاھنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ گەپنى ھېكايە قىلىۋېدى، لېكىن شاھ:

—ھە، شۇنداق كۈنلەرمۇ بولغان —ھە، —دەپلا قويدى.

دەل شۇ چاغدا ئۇ رىمغا ئەھۋال ئۇقۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن مۇنەججىم ئارابا قايتىپ كەلدى. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ ئالدىراپ گەپ سورىدى:

—بولە، گەپ قىل، ئەھۋاللار قانداق ئىكەن؟ ئىلاھىم ئەكەلگىنىڭ خۇش خەۋەر بولغاي. ۋاي، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىپ نېمانداق زۇۋان سۈرمەيسەن؟ نېمە ئىش بولدى؟ سەردار ئانتونىغا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك

بولمىغاندۇ؟

—سەردار ئانتونى ناھايىتى ئوبدان تۇرۇپتۇ … — بوۋاي ئارابا سۆزلەۋېتىپ توختاپ قالدى.

—ھەر نېمە بولسا ئۇ ساق ـ سالامەتكەن، خاتىرجەم بولدۇم. لېكىن گېپىڭىزنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتىڭىزغۇ؟ نېمىشقا؟ ئەگەر كۆڭۈلسىز گەپ بولسا گەپ قىلما، بولدى، ئاڭلىماي، — ئايال پادىشاھ سۆزلەۋېتىپ قولىقىنى ئېتىۋالدى. لېكىن، ئانتونىغا ئالاقىدار گەپنى ئاڭلىماي چىدىغىلى بولسۇنمۇ!؟ ئۇ يەنە بوۋاينى سۆزلەشكە قىستىدى:

—ۋاي، نېمە گەپ بولسىمۇ دەپ باقساڭچۇ، ياخشى ـ يامان خەۋەر بولسىمۇ، بىر ئاڭلاپ باقاي زادى!

—ئەمىسە ئېيتاي: مەن سەردار ئانتونى بىلەن كۆرۈشۈپ سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئېيتتىم. ئاندىن ئۇنىڭغا ئوكتاۋى بىلەن ئىككىڭلارنىڭ يۇلـ تۇزى ئۆزئارا زىت كېلىپ قالدى، ئۇنىڭ يۇلتۇزى سىزنىڭكىنى تىزگىنلەۋالدى، شۇڭا ئىككىڭلار رىمدا تۇرساڭلار ياخشى ئاقىۋەت يوق. رىمدىن بالدۇرراق مىسىرغا قايتىپ كېتىڭ، دەپ نەسىھەت قىلدىم.

—شۇنداقمۇ!؟ ئەجەب ئوبدان دەپسەن. ھە، ئۇ بۇ گېپىڭگە نېمە دېدى؟

—ئۇ مېنىڭ گېپىمگە قوشۇلغان، لېكىن كېيىن ئويلىمىغان بىر ئىش بولۇپ قالدى؟

—نېمە ئىش؟

—ئۇچ كاتتىۋاشنىڭ بىرى بولغان ھېلىقى لېپىدۇ دېگەن ئادەم ئانتونى بىلەن ئوكتاۋىلارنى ئىناقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئوكتاۋىنىڭ ئاچىسى مەلىكە ئوكتوۋىيانى ئانتونىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ …

—نېمە؟

ئايال پادىشا كلېئوپاترا بۇ كۈتۈلمىگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى ـ دە، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ دىۋانغا يىقىلـ دى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ جومىيان بىلەن ئىلۇ دەرھال تېۋىپقا يۈگۈردى. تېۋىپ كېلىپ دورا قىلىپ ئەملىگەندىن كېيىن ئايال شاھ ئاستا كۆزىنى

ئېچىپ زوۋۋانغا كىردى:
— سەردار ئانتونى ئۇ چاكىنا ئايال بىلەن توي قىلىشقا ئۇنىمىغاندۇ؟
— ئۇناشىنىغۇ ...
— ئېنىقراق گەپ قىلە! — ئايال شاھ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئارابانىڭ چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇۋالدى.
— سەردار ئانتونى ئۇنىدى. تويمۇ بولۇپ بولدى.
ئايال پادىشاھنىڭ «غۇژژىدە» جۇدۇنى ئۆرلىدى. ئۇ تىترىگەن قول-لىرى بىلەن ھېلىلا بوۋاي ئارابانىڭ ئاق چاچلىرىغا ئېسىلىدىغاندەك ئەلپازدا ھۆرپىيىپ تۇرۇپ سورىدى:
— بۇ گەپچە ئەمدى ئۇ مىسىرغا كەلمىگۈدەك - دە؟
— ياق، ياق، ئۇنداق ئەمەس. سەردار ئانتونى بىلەن مەلىكە ئوكتوۋىيا بىر - بىرىگە كۆيۈشۈپ ئەمەس، بەلكى رىمنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن توي قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ...
— ھە، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېمە؟
— سەردار ئانتونى بىلەن مەلىكە ئوكتوۋىيانىڭ مىجەزى بىر - بىرىگە كېلىشمەيدۇ. ئوكتوۋىيا ئاددىي - ساددا، ئەدەپ - قائىدىلىك ئايال؛ سەردار ئانتونى ھەشەمەتخور، بىر ئىشلارغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدى-غان ئادەم. ئىككىسىنىڭ مىجەزى زىت. ئۇلار قانداقمۇ چىقىشالىسۇن. سىز بىر مەزگىل تاقەت قىلىپ تۇرۇڭ. سەردار ئانتونى مىسىرغا چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ.
— مەن قانداقمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالاي ... ھە، ھېلىقى ئوكتوۋىيا دېگەن قانداقراق خوتۇنكەن؟ چىرايلىقمۇ، سەتمۇ؟ يېشى مەندىن كىچىك-مۇ؟ چېچىنىڭ رەڭگى قانداقكەن؟ ئۆڭگى ئاقمىكەن ياكى قارىراقمۇ؟ ماڭا تەپسىلىرەك دەپ باقە، تېز!
— ۋاي، ئۇنى سىزگە قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟! يېشىنى دېسەم، ئۇ ئوكتاۋىنىڭ ئاچىسى بولغاندىكىن ھەرگىز كىچىك بولمايدۇ — دە، ئۆڭگى ئاق، چېچى سېرىق شۇ.
— بويىچۇ؟



— سىزچىلىك ئېگىز ئەمەس.

— ئاۋازى قانداق ئىكەن؟

— بوغۇقراق. پەقەت شۇ چىرايىلا تۈزۈك، شۇنداقتىمۇ بىر يېرى سوغۇق. ئانتونىنىڭ مىجەزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەرگىز ئۇ ئايال بىلەن چىقىشالمايدۇ.

ئارابانىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كلېئوپاترا ئۆزىنىڭ ئۇ ئايالدىن ھەر جەھەتتە جىق ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئارتىپ باياققى خاپىلىقلىرى بىردەمدىلا نەلەرگىدۇ غايىب بولدى.

— جۇميان، ئاڭلىدىڭمۇ بۇ گەپلەرنى؟ سەردار ئانتونى ئۇنداق ئايالنى يارىتامدۇ؟

— ياق، ھەرگىز ياراتمايدۇ. سەردار ئانتونى ئۇنداق خوتۇنلارغا ئۆچ تېخى! — دېدى جۇميانمۇ گەپنى كېلىشتۈرۈپ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. ئاۋازى يېقىملىق بولمىسا، بويىمۇ پاكار تۇرسا، نېمە قىلىدۇ ئۇنى! بولدى، ئۇ گەپنى قويايلى! ئارابا، سەن جىق جاپا چېكىپسەن، بېرىپ ئوبدان ئارام ئال. ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئىتالىيىگە بېرىپ ئانتونىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلەرسەن.

ئايال پادىشاھنىڭ كۆڭلى سەل ئارامغا چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن مەلىكە ئوكتوۋىيانى ئويلىغاندا يەنە غەزىپى بېسىلمىدى. بوۋاي ئارابا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ قىزىقچى ماديانىنى چاقىردى. ماديان ئۇنىڭ غەزەپ بىلەن چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاپ دەرھال ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى ۋە قورققان ھالدا ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىدى.

— ماڭ، بۇۋۇملەردىن بىرنەچچىنى ئىبادەتخانىغا ئەۋەتكىن! ئۇلار تىلاۋەت قىلسۇن، ئىلاھىم، سەردار ئانتونى مىسىرغا بالدۇرراق قايتىپ كەلگەي، ئانتونىنىڭ ئۇنىڭدىن تېزرەك رىشتى ئۈزۈلگەي!

— خوپ، ئالىيلىرى، — بۇ قېتىم ماديان بۇرۇنقىدەك ھەييارلىقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ جىممىدە پادىشاھنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتتى.

## ھەممە ئادەم ئۆز كويىدا

ئايال پادىشاھنىڭ تىلىكى ئىجاۋەت بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئانتونى پارسلارنى يېڭىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خوتۇنى ئوكتوۋىيا بىلەن چىقىشالماپتۇ، ئوكتوۋىيا ئانتونىنى تاشلاپ ئۇكىسى ئوكتاۋىننىڭ قېشىغا قايتىپ كېتىپتۇ، دېگەندەك خەۋەرلەر مىسىرغا يېتىپ كەلدى. ئايال پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولغىنىدىن تېرىسىگە پاتماي قالدى ۋە دەرھال ئانتونىنى ئەكىلىش ئۈچۈن ئافىناغا ئەلچى ئەۋەتتى.

مىسىردا ئۆتكۈزگەن شېرىن كۈنلىرىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقىرالمىغان ئانتونى ئەلچىدىن ئايال پادىشاھنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مىسىرغا بېرىشقا دەرھال ماقۇل بولدى، ئافىنادىكى بارگاھنى چۇۋۇپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ كەينىدىن مېڭىشنى خالىغان ئادەملىرىنى باشلاپ بىرقانچە ئون كېمىگە چىقتى ـ دە، زۇمرەتتەك ئوتتۇرا يەر دېڭىزدا جەنۇبقا ـ مىسىرغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان ئالېكساندىرىيە شەھىرىنىڭ ئېگىز مۇنارى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. كلېئوپاترا ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ كەتكىنىدىن دەرھال كېمىگە ئولتۇرۇپ ئۇنى ئوچۇق دېڭىزدا كۈتۈۋالدى.

—سەردار ئانتونى! تىنچلىقمۇ؟ ھەر نېمە بولسىمۇ كەلدىڭىز، يولىڭىزغا قاراپ كۆزۈم تېشىلگۈدەك بولدى، — ئايال پادىشاھ شۇنداق دېگىنىچە ئانتونىنى قولتۇقلاپ ئۆزىنىڭ كېمىسىگە چىقاردى.

ئۇلار قىرغاقتا يىغىلىشقاندا ئەتراپ ئۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىققان ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئانتونى كېمىدىن چۈشۈپلا خالايىققا نۇتۇق سۆزلىدى:

—مەن ئانتونى ئايال پادىشاھقا يار ـ يۆلەك بولۇش، سىلەرنىڭ مال ـ مۈلۈك، بىخەتەرلىكىڭلارنى قوغداش ئۈچۈن يەنە مىسىرغا كەلدىم.

ھەممىگلار خاتىرجەم بولۇگلار. مەنلا مۇشۇ يەردە بولىدىكەنمەن، ھەرقان-
داق كۆچلۈك دۈشمەنمۇ مىسرغا چېقىلالمايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خالايىق: «مۇشۇ يەردە مەڭگۇ تۇرغايسىز!»، «ئەمدى ھەرگىز رىمغا قايتىپ كەتمەڭ!» دەپ ۋارقىراپ كېتىشتى.

كەينىدىنلا بەزمە - تاماشا باشلىنىپ كەتتى. ئۇ ئىككىسى راھەت - پاراغەتكە باشچىلاپ چۆكتى. ئانتونى بىلەن كلېئوپاترا توي قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ قېتىمقى زىياپەتلەر ئالدىنقىسىدىن شۇنچىلىك كاتتا ھەم ھەشەمەتلىك بولدىكى، بۇنىڭ تەرىپىگە ھەرگىز سۆز يېتىشمەيدۇ. ئانتونى ھەم ئۇنىڭ ئادەملىرى خۇددى چۆچەكلەردىكى دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك، ئۇرۇش - پۇرۇش دېگەنلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتى.

ئانتونى، ئوكتاۋى، لېپىدۇدىن ئىبارەت ئۈچ كاتتىۋاش ئۆتكۈزگەن تىنچلىق سۆھبىتىدە رىمغا قاراشلىق زېمىن ئۈچكە بۆلۈنۈپ ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ يېرىنى باشقۇرىدىغانلىقى توغرۇلۇق كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان. ئانتونىغا شەرقتىكى ئەللەر تەقسىم قىلىنغاچقا، ئۇنىڭ ئۆز تەۋەسىدىكى مىسرغا كېلىپ تۇرۇشى تامامەن مۇۋاپىق ئىش ئىدى. ۋەھالەنكى، ياۋروپاغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئوكتاۋى ئاچ كۆزلۈك قىلىپ لېپىدۇغا تەۋە ئافرىقىنى بېسىۋالدى. بۇ ئىش ئانتونىنىڭ كۆڭلىگە كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ بۇندىن كېيىن ئوكتاۋى بىلەن مەسلىھەتلەشمەي ئۆز ئالدىغا بىلگىنىنى قىلىۋېرىش نىيىتىگە كەلگەن. مانا بۈگۈن ئۇ شۇ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كلېئوپاتراغا تويلۇق سوۋغىتىدە بىر قىسىم زېمىننى بۆلۈپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ:

—مەن فىنىكىن، سېررولىيە، سىپىرۇس، كىلىكىيا، يەھۇدىيە ھەم ئەرەب دېگىز بويىلىرىنى كلېئوپاتراغا سوۋغا قىلىمەن، — دەپ جاكارلىدى.

تەبىئىيكى، بۇ ئىش ئايال پادىشاھ، شۇنىڭدەك مىسىر خەلقىنى ناھايىتى خۇشال قىلدى، لېكىن ئوكتاۋى بۇنىڭدىن خاپا بولدى. ئايغاقچىلار رىمغا كېلىپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەندە ئۇنىڭ مېيىقىدا زەھەر خەندە تەبەسسۇمى پەيدا بولدى. ئۇ مېسىنا بىلەن ئاكىلبانى چاقىرتىپ:

—ئانتونىنىڭ رىم تەۋەلىكىدىكى زېمىننى مىسىر پادىشاھىغا بېرىۋې-

تىشى رىم ئۈچۈن ئاسىيلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ خەۋەرنى مۇشۇ يېتى تارقىتىڭلار؟ — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. مېسنا بىلەن ئاكىلبا ئوتقۇيرۇق-لىرىدىن ئون نەچچىنى ئادەملەر توپلاشقان بازار - رەستىلەرگە ئەۋەتىپ بۇ ئىشنى بىرنى ئون قىلىپ يايدى. گەپنىڭ تېگى - تەكتىنى ئۇقمايلا قايناپ كېتىدىغان رىملىقلار ئانتونىنىڭ پارسلارنى بويسۇندۇرغان تۆھپىسى-نى بىردەمدىلا ئۇنتۇپ ئۇنىڭغا قارغىش ياغدۇرۇشنى.

—ۋەتەن ساتقۇچ ئانتونىنى يوقىتايلى!

—مىسىرغا قۇل بولغان ئانتونى رىم خەلقىنىڭ دۈشمىنى! — دېگەندەك شۇئارلار ئەتراپنى بىر ئالدى. مېسنا بىلەن ئاكىلبانىڭ ئادەملىرى خەلقنىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ قاينىتىپ:

—ئانتونى ۋاپادار ئوكتوۋيا مەلىكىنى تاشلاپ مىسىرنىڭ ئايال پادىشاھى بىلەن توي قىلىۋالدى. دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق قارا يۈزلۈك بولمايدۇ، — دېگەندەك گەپلەرنىمۇ تارقاتتى. بۇ ئىشلار ۋۇجۇدقا چىققاند-دىن كېيىن ئاكىلبا ئوكتاۋىنىڭ قېشىغا كەلدى.

—ھە، ئىشلار قانداقراق؟ بىرەر ئۈنۈمى بولدىمۇ؟

—بولغاندىمۇ قالتىس بولدى. رىملىقلار ئانتونىغا ئۆچلا بولۇپ كەتتى. ئەمدى ئانتونىنى جازالايمىز دېسەك، ھەممە خەق بىزگە كېلىپ قوشۇلىدۇ.

—شۇنداقمۇ؟ ئەجەب ئوبدان بوپتۇ.

—سەردار، ئەمدى ئانتونىنى كۆزدىن يوقىتىپ رىمنىڭ، ياق، پۈتۈن دۇنيانىڭ ھوقۇقىنى قولغا ئالىدىغان بولدىڭىز.

—ئىشلار سەن دېگەندەك يۈرۈشۈپ كەتسە بولاتتىغۇ ئىشقىلىپ

—چاتاق يوق، شۇنداق بولىدۇ. ئانتونىنىڭ قورققۇدەك يېرى قالمىدى. ھازىر بۇرۇنقى ئانتونى يوق. ئانتونىنىڭ لەشكەرلىرى پارسلارنى بويسۇندۇرىمىز دەپ خېلى كۈچىنى يوقاتتى. ئانتونى ھەرقانچە قابىل بولسىمۇ، يالغۇز ئۇنىڭ بىلەن ئىش تاكاتمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىز پومپېينى مەغلۇپ قىلدۇق، لېپىدۇنى ھەيدىۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى بىزگە قالدى. بىزنىڭ تازا جەڭگىۋار ۋاقتىمىز بۇ.

—ئانتونىنى يوقاتساق، قانداق ۋەزىيەت شەكىللىنەر؟

—ئەلۋەتتە، پادىشاھ قەيسەرنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ رىمغا پادىشاھ بولىسىز - دە!

—رىمدا دېموكراتىك سىياسەت يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. مەن پادىشاھ بولسام، خەلق ئۆكتە قوپماسمۇ؟

—ياق، خەلق ئالقىشلايدۇ. بۇرۇن ئۈچ باشلىقلىق ھاكىمىيەت يولغا قويۇلغىنى بىلەن، ھازىر رىمنىڭ زېمىنى كېڭىيىپ كەتكەچكە، ئۇ ئاقمايدۇ. بۇ ئىمپېرىيىگە ئىنتايىن قابىل، كۈچلۈك خوجا كېرەك. خەلق بىر پادىشاھقا موھتاج. ئۇلار بىر ئۇلۇغ خاقاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تىنچ - ئامان تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالايدۇ.

—شۇنداقمۇ؟! بىرەر چاتاق چىقماس - ھە؟

—ياق، ھەرگىز چاتاق چىقمايدۇ.

ئاكىلىبا ئۇنى پادىشاھ بولۇشقا بۇنچىلىك كۈشكۈرتۈپ كەتمىسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە پادىشاھ بولۇش ئارزۇسى بۇرۇنلا بار ئىدى. شۇڭا ئۇ لېپىدۇسنى رىمدىن ھەيدىۋەتكەن، مانا ئەمدى ئانتونىنى كۆزىگە قادالغان مىخ ھېسابلاپ، ئۇنى يوقىتىشنىڭ كويىدا!

## ● ئايال ئايغاقچى ●

ئانتونىنىڭ نىيىتىمۇ ئوكتاۋىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئۇ مىسىردا پۇت دەسسەپ تۇرۇپ، شەرق ئەللىرىدە تەربىيىلەنگەن لەشكەرلەردىن زور قوشۇن تەشكىللەپ رىمغا بېرىپ ئوكتاۋىنى يوقىتىش كويىدا ئىدى.

ئوكتاۋىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن رىم خەلقىنىڭ ئانتونىغا قارشى قوپقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر مىسىرغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن كلېئوپاترا ئانتونىغا مۇنداق دېدى:

—سەردار ئانتونى، ئوكتاۋىنى يوقىتىپ دۇنياغا پادىشاھ بولۇڭ.

سىزنىڭ سەلتەنىتىڭىز بىلەن مىسىرنىڭ بۇرۇنقى شانۇ - شەۋكىتىمۇ ئەسلىگە كەلسۇن!

—سىز دېمىسىڭىزمۇ، مەن شۇ نىيەتكە كېلىپ بولغان. سىز مېنى چۈشىنىسىزغۇ! —دېدى ئانتونى كۈلۈپ.

كەينىدىنلا مىسىرنىڭ سەككىز يۈز ھەربىي كېمىسى ئوكتاۋىنىڭ ھۇجۇمىغا تەييار تۇرۇش ئۈچۈن يونانىنىڭ دېڭىز تەۋەسىگە يۆتكەلدى. ئانتونى يەنە ئون ئالتە لەشكىرىي قىسمىنى ئەرمەنىيىگە ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن رىمغا ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقى پۈتتى.

ئوكتاۋىمۇ ئانتونىنىڭ تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ رىم ئەتراپىغا نۇرغۇن ھەربىي كېمىلەرنى توپلىدى. ئىككى تەرەپنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتى تېگىپلا قويسا پارتىلايدىغان بومبىغىلا ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ توقۇنۇشى چوقۇم چوڭ ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشقا ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بويلىرىدىكى خەلق كۆڭۈل بۆلمەي تۇرالمايتتى. ئوكتاۋى رىملىقلارنى كۈشكۈرتىدىغان تېخىمۇ چوڭ ئاساسلارنى تېپىش ئۈچۈن مىسىرغا ئۇزلۈكسىز ئايغاقچى ئەۋەتىپ تۇردى.

مىسىر تۆت مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە دۆلەت بولغاچقا پادىشاھ ئوردىسى ئالامەت كاتتا، ھەيۋەتلىك ھەم سىرلىق ياسالغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇقمىغان ئادەم ھەرگىز كىرەلمەيدىغان ئۆيلەر، رۇخسەتسىز كىرسە، قۇلاقنى گاس قىلىۋېتىدىغان دەرىجىدە ئاۋاز چىقىرىدىغان زاللار بار ئىدى. يات ئادەم ئۇ يەرگە كىرىپ قالسا، ئىچىنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن بىر كۈن كەچكىچە ماڭسىمۇ چىقىدىغان يول تاپالمايتتى. مۇنداق ئەھۋالدا ئانتونى بىلەن كلېئوپاترانىڭ ئۆيىگە بىرەر يات ئادەمنىڭ يېقىن يولىيالىشى ناھايە-تى تەس ئىدى. يېقىن يولىيالىدى دېگەن ھالەتتىمۇ، بېشىنى ساق ئېلىپ چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بىر كۈنى ئانتونى بىلەن كلېئوپاترا باغچىدا يېقىن ئولتۇرۇپ ناھايە-تى مۇھىم پاراڭلارنى سىلىشتى.

—سەردار ئانتونى، — دېدى ئايال پادىشاھ، — ئوكتاۋىنى يوقاتقاندىن كېيىن ئوغلۇمنى رىمغا شاھزادە قىلامسىز؟

— ئەلۋەتتە!

— ۋاھ، بۇ گېپىڭىز بىلەن مېنى ئەجەب خۇشال قىلىۋەتتىڭىز جۇمۇ. سىز دۇنياغا خاقان بولسىڭىز، مەن دۇنيانىڭ مەلىكىسى بولىدىكەنمەن ـ دە!

ئۇلار ناھايىتى پەس ئاۋازدا پاراڭلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەتراپ بەك جىمجىت بولغاچقا، يەنىلا ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. تۇيۇقسىز ئانتونى پادىشاھنىڭ ئاغزىنى توسۇپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— كىم؟ ئۇ يەردە تۇرغان قايسىڭ؟

ئانتونى كارىدوردىكى دېرىزە پەردىسىنىڭ كەينىدە بىرىنىڭ نەپەس چىقارماي تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالغانىدى. بۇ يېڭى كەلگەن كېنىزەك ئىدى. ئۇ پەتنۇستا چاي كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئوغرىلىقچە تىڭشىغانىدى. ئەسلىدە پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ چىقىۋەرسە ھېچ ئىش يوق، لېكىن ئانتونىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەچكە، قولىدىكى چىنە، پەتنۇسنى بىراقلا تاشلاپ بەدەر قاچتى. ئۇ خاتانىڭ ئۈستىگە يەنە خاتا قىلدى، تالاغا قاچتىم دەپ ئوردىنىڭ ئىچىگە يۈگۈردى.

— ئاۋۇ گۇمانلىق قىزنى تۇتۇڭلار!

ئوردىنىڭ ئىچى پاتپاراق بولۇپ كەتتى. نۆكەرلەرنىڭ دۈپۈرلەپ يۈگۈرۈشلىرى، قىلىچ ـ قالقانلارنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى. نۆكەرلەر ئەتراپنى پەرق قىلالماي قېچىپ يۈرگەن كېنىزەك تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى.

— ئۇنى قاچۇرۇۋەتمەيلى، قوغلاڭلار!

— ئۇ ئاۋۇ ياققا قاچتى.

كېنىزەك دالاننىڭ بۇرۇلىدىغان يېرىگە كەلگەندە ئىككى تەرىپتىن ئادەم چىقىپ قالدى. ئۇ يولنىڭ توسالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا كۆزلىرىنى يۇمۇپ تامغا يۆلەندى.

دەل شۇ چاغدا بىر مۆجىزە يۈز بەردى: ئۇ يۆلىنىپ تۇرغان تام ئوتتۇرىسىدىن يېرىلىپ، ئۇ پولاتىكىدە كەينىگە چۈشۈپ كەتتى ۋە ئارقىدىنلا تام ئەسلىگە كەلدى.



— ۋايجان! — ئۇ يەلكىسىگە پاتقان تىرناقنىڭ ئاغرىتىشىدىن چىرقىراپ كەينىگە قارىدى ـ دە، غەلىتە بىر مەخلۇقنى كۆرۈپ، — ئالۋاستى! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

ئۇ مەخلۇقنىڭ بېشى بۇركۇتكە، تېنى ئادەمگە ئوخشايتتى. بويى تۆت گەزچە كېلەتتى، ئاغزىدا ئىس، كۆزلىرىدە چوغ يېنىپ تۇراتتى. پەنجىلىرى قىزنىڭ ئۇستىخىنىغىچە پېتىپ كەتكەنىدى. قورققىنىدىن قىزنىڭ پۇتۇن ئەزايى ـ بەدىنى تىترەپ كەتتى. ئۇ مەخلۇق ئۇنى تارتقۇشلاپ ئېلىپ ماڭدى. قاپقاراڭغۇ كامارنىڭ بىرقانچە يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار پەلەمپەي ئارقىلىق پەسكە چۈشتى.

بۇ چاغدا «تۇت ـ تۇت!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلار، يۈگۈرگەن ئاياغ تىۋىشلىرى پۈتۈنلەي ئاڭلانماس بولۇپ قالغانىدى. قاراڭغۇدا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ھېلىقى مەخلۇق قولىنى سوزۇپ بىر نېمىلەرنى قىلىۋېدى، بىر ياقتىن غۇۋا بىر يورۇقلۇق پەيدا بولدى. كېنىزەك ئۆزلىرى تۇرغان يەرنى ئېھتىمال زىندان بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدى.

— ئاۋۇ ياققا قارا! — دېدى ئۇ مەخلۇق تۇيۇقسىز زۇۋانغا كېلىپ.

ئۇ مىسىرچە ئەمەس، بەلكى رىمچە سۆزلەۋاتاتتى: كېنىزەك ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە باردى ۋە ئىككى قولىنى تاش رىشاتكىغا قويۇپ پەسكە ئېڭىشىپ تۇرۇپ قارىدى. نەچچە ئون گەز يارنىڭ تۈۋىدىن شارقىرىغان سۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ مەخلۇق بىر جامنى تۆۋەنگە ئېتىۋېدى، خۇددى قىلىچ قالغانغا تېگىپ كەتكەندەك «جاراڭ ـ جۇرۇڭ» ئاۋاز چىقىپ كەتتى. قىز كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ پەسكە سىنچىلاپ قارىدى. غۇۋا يورۇقلۇقتا نۇرغۇن تىمساھنىڭ جام چۈشكەن يەرگە ئۈزۈپ كېتىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. ھېلىقى مەخلۇق قىزغا ئۆلۈم ئېلان قىلىۋاتقاندەك ئاھاڭدا مۇنداق دېدى:

— بىز سىلەرنىڭ ئەلدىن كەلگەن ئايغاقچىلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ يەردىن تاشلاپ تىمساھقا يەم قىلىپ بېرىمىز!

— مېنىمۇ تاشلىيسىز شۇنداقمۇ؟ — كېنىزەك تەقدىرگە تەن بەرگەندەك، كۆزلىرىنى يۇمۇپ سۆزلىدى، — قېنى، تاشلاڭ.

— سىز ئاكىلىبانىڭ سىڭلىسىغۇ؟ — بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىز ئۇنىڭغا

قاراپ هاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى، — مەن سىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالماقچى. دەرھال رىمغا كېتىۋېلىڭ. مەن سىزنى كۆرۈپلا تونۇغان. مەن ئاكىلىرىمنىڭ ئاغىنىسى. سىزنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇم بارمىدى.

سىز، سىز كىم؟ ئالۋاستى ئەمەسقۇ؟ ... ھە، بىلدىم، سىز ئاكامنىڭ دوستى، سەردار ئانتونىنىڭ ئادىمى ئېنوبابا ئىكەنسىز ـ دە!

—بولدى، گەپ قىلماي، دەرھال مېڭىڭ!

—قايسى يول بىلەن ماڭىمەن؟ — قىز ھايات قېلىش ئۈمىدىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى كۆرۈپ بىردىنلا ھاياجانلىنىپ قالدى.

—باشقا يول يوق، مۇشۇ سۇ يولى بىلەن ماڭىسىز.

—ۋىييەي، مەن قورقىمەن، تىمساھ تۇرسا ...

—بۇنىڭدىن باشقا يول يوق. بۇ سۇ يولى نىل دەرياسىغا تۇتىشىدۇ.

ئۇ ئادەم بىر تاش قاپقاقنى كۆتۈرۈۋېدى، ئۇ يەردە پەسكە چۈشىدىغان بىر پەلەمپەي كۆرۈندى.

—چۈشۈڭ، پەستە بىر قېيىق بار ماۋۇ يارماقنى قېيىقچىغا بەرسىڭىز، ئۇ سىزنى بىخەتەر يەرگە ئاپىرىپ قويىدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپ بىر مىس يارماقنى قىزغا بەردى.

قىز پەلەمپەيدىن چۈشكەندە ئۇ يەردە ھەقىقەتەن بىر قېيىقنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قارا كىيىملىك ئادەم پەيدا بولدى. قىز ئۇنىڭغا يارماقنى كۆرسىتىۋېدى، ئۇ كىشى دەرھال ئۇنىڭغا سالام بېرىپ، ئۇنى قېيىققا ئولتۇرغۇزدى. قېيىق ئاستا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. سۇدا بىردەم ـ بىردەم تىمساھلار پەيدا بولاتتى. قېيىقچى: «كېتىش! كېتىش!» دەپ ۋارقىرىسا، ئۇلار دەررۇ سۇ ئاستىغا چۆكۈپ غايىب بولاتتى. قېيىقنىڭ بېشىغا سانجىلغان مەشئەل قاپقاراڭغۇ سۇ يۈزىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. قىز شۇ تاپتا ئۆزىنى دوزاختىن قېچىپ چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

# مىسىرغا قانداق ھۇجۇم قىلىش كېرەك؟

ئوكتاۋى ئاكىلىبانىڭ سىڭلىسى ئەكەلگەن مەلۇماتنى ئاڭلاپ ئاقساقاللار كېڭەشكە سۇنىدىغان زور دەستەككە ئىگە بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. راست، بۇنى ئانتونىنىڭ ۋەسىيەتنامىسى دەپ ئېلان قىلسا، ئاقساقاللار كېڭەشدىكىلەرمۇ، رىم پۇقرالىرىمۇ غەزەپلەنمەي قالامدۇ؟! ھەتتا ئانتونىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتقانلارمۇ بۇ گەپنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭغا لەنەت ئېيتىپ، ئوكتاۋىنى قوللاش تەرىپىگە ئۆتمەمدۇ؟! بۇلارنى ئويلىغاندا ئوكتاۋى ئېيتقۇسىز خۇشاللىقتا چۆمدى.

ئوكتاۋى دەرھال ئاقساقاللار كېڭىشىنى چاقىرىپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

—ئانتونى مېنىڭ يەزنەم بولغاچقا، ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى، بىراق ئەمدى سۆزلىمىسەم توغرا بولمايدۇ. مېنىڭ ئادەملىرىم ئانتونى تەرەپكە بېرىپ بىر ھۆججەتنى قولغا چۈشۈردى. بۇ ناۋادا ئۇ قازايىۇ قەدەر يېتىپ قالسا دەپ، پۈتۈپ قويغان ۋەسىيەتنامە ئىكەن.

ئۇ ئاكىلىبا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ يېقىنلىرىدىن بىرىگە يازدۇرغان ۋەسىيەتنامىنى چىقىرىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«كۆڭلەرنىڭ بىرىدە كەمىنە ئانتونىغا ئەجەل يېتىپ قالسا، جەسىتىمنى مىسىر خانلىق مازىرىغا قويغايسىلەر. پادىشاھ كلېئوپاترا مىسىر قاتارلىق شەرق ئەللىرىگە خان بولغاي. ئەگەر رىم خاندانلىقىغا پادىشاھ بولغان چاغلىرىمدا ۋاپات بولۇپ كەتسەم، پادىشاھلىقىمغا كلېئوپاترانىڭ ئوغلى ۋارىسلىق قىلغاي.»

بۇ ۋەسىيەتنامىنى ئاڭلاپ ئاقساقاللار كېڭەشدىكىلەر غۇلغۇلا قىلىپ كېتىشتى:

—ئانتونى رىمنىڭ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى بۇزۇپ، خان بولماقچىدىكەن تېخى. قاراڭلار، ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى!

—بۇ خەۋەرنى دەرھال رىم خەلقىگە ئۇقتۇرۇش كېرەك!

—ھەممىدىن يامان يېرى، ئۇ كلېئوپاترا دېگەن خوتۇننىڭ ئوغلىنى رىمنى تۇتقۇزۇپ قويماقچى بوپتۇ ئەمەسمۇ!

—ھە، تېخى رىمنى مىسىرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىكەن — دە!

—بولدى، ئەمدى ئانتوننى رىمغا كەلگۈزمەيلى!

—ياق، ئۇنىڭغا دەرھال ئۇرۇش ئېلان قىلىش كېرەك!

ھەرخىل چۇگىۋلداشلار كېڭەشنى خۇددى ھەرە ئۇۋىسىدەك قىلىۋەتتى.

—كۆپچىلىك تىنچلىنىڭلار، ئۆزۈڭلارنى سەل بېسىۋېلىڭلار، مەن ئىككى ئېغىز سۆزلەپ باقاي! — دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر ئادەم ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ئانتوننىڭ ئېغىر كۈنلەردە تونۇشقان ئاغىنىسى بۇرانكا ئىدى. بىر ئوكتاۋى سوراۋاتقان رىمدا ئانتونى ئۈچۈن سۆزلەپ قويىدىغان ئادەممۇ بار ئىكەن — ھە، قاراڭ! بۇرانكا غەزەپلەنگەن كېڭەش ئەزالىرىغا قاراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆزلىدى:

—ئۇ ۋەسىيەتنامىنى ئانتونى ئۆز قولى بىلەن يازغانمۇ، يوق؟ بۇنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. جامائەت، ئويلاپ باقايلى، ئانتونى رىم ئۈچۈن ئاز جاپا چەكمىگەن. مېنىڭچە ئۇ ھەرقانداق بولۇپ كەتسىمۇ، مۇنداق شەرمەندە ۋەسىيەتنامىنى يازمايدۇ!

—ئاغزىڭنى يۇم، بۇرانكا، سەن جانابىي ئوكتاۋىغا شەك كەلتۈرۈۋاتامسەن؟

—بۇرانكا، يەنە مۇشۇنداق جۆيلۈيدىغان بولساڭ، سېنى يۈز — خاتىرە قىلماي بۇ يەردىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىمىز!

كۆپچىلىك بىردەك ئانتوننى ئەيىبلىسىمۇ، بورانكا يەنىلا ئۇنى ئاقلاپ سۆزلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك غۇلغۇلىلار بولدى:

—نېمىشقا ئانتونىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا بولمايدىكەن؟

—چۈنكى ئانتونى ھازىرمۇ رىمنىڭ ھاكىمى. ھاكىمغا ئۇرۇش ئېلان قىلىدىغان قائىدە يوق!

—ئەمىسە ئۇنى ھازىرلا مەنسەپتىن ئېلىپ تاشلاش كېرەك!

—ياق، ياق، بىز ئانتونىغا ئەمەس، بەلكى كلېئوپاتراغا، مىسىرغا ئۇرۇش ئېلان قىلىشىمىز كېرەك!

—ئانتونى بىلەن كلېئوپاترا توي قىلغان تۇرسا، بىرىگە ئۇرۇش ئېلان قىلساق ئىككىسىگە ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

—ياق، ئوخشاش ئەمەس.

—تالاش - تارتىش بېسىقماي، كېڭەش ئىككى - ئۈچ سائەت داۋام قىلدى. ئوكتاۋى بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ ئولتۇردى. كېڭەشنىڭ نەتىجىسى ئۇنىڭ كۆتكىنىدەك بولدى: ئانتونى ھاكىملىق ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاندى. رىمدىكى لەشكىرى ھوقۇقىمۇ بىكار قىلىندى. ئانتونى بىلەن كلېئوپاتراغا رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلىنىدىغان ۋە بۇ قارار رىم خەلقىگە ئاشكارا ئۇقتۇرۇلىدىغان بولدى. بۇنىڭسىزمۇ قايمۇقۇپ كەتكەن رىملىقلار: «ۋەتەن ساتقۇچ ئانتونىنى يوقىتايلى!»، «كلېئوپاترانى تۇتۇپ كېلىپ سازايى قىلايلى!» دەپ كوچا - كوچىلاردا ۋارقىراپ يۈرۈشەتتى. بۇ ئىش ھەممىدىن بەك ئوكتاۋىنى خۇشال قىلدى. ئۇ دەرھال مۇھىم ئادەملىرىنى قەسىرگە يىغىپ ئۇلار بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزدى.

—ئەڭ مۇھىم ئىشنى ئاخىر پۈتتۈرۈۋالدۇق، —دېدى ئۇ، —ئەمدى ئوچۇق - ئاشكارا چىقىپ ئۇ ۋەتەن ئاسىيسىنىڭ قوشۇنىغا زەربە بەرسەك بولۇۋېرىدۇ. ئۇرۇشنى قايسى تەرىقىدە قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا پىكرىڭلارنى دەپ باقساڭلار، بار مەسلىھەت ئىش قىلساق.

ئوكتاۋىنىڭ گېپى ئاياغلىشىشى بىلەنلا ئاكىلىبا سۆز ئالدى:

—ئىشلىرىمىزغۇ ھازىرغىچە ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتىدۇ، لېكىن بۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق كېتىۋېرىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئۇرۇشتا كۆڭۈلكىلەرلا يېڭىپ، ئاجىزلار يېڭىلىۋېرىدىغان ئىش بولمايدۇ.

—توغرا دېدىڭ، ئاكىلىبا، خوش، سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇرغىن.

—ئانتونى ئىمپېراتور قەيسەرگە سەركەردە بولغان، گاللىيىنى بويسۇندۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇ كۈچلۈك پېرسىيە ئارمىيىسىنى يەڭگەن باتۇر. شۇڭا ئۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلساق، ئۇنى يېڭەلمەسلىكىمىز مۇمكىن.



——ھە، مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك سۆز قىلدىڭ. خوش، باشلىقلىرىڭىزلارنىڭ پىكرى قانداق؟ —— ئوكتاۋى كۆپچىلىككە قارىدى.

——ئۇنداقتا، دېڭىزدا جەڭ قىلساق، يەڭگىلى بولامدۇ، ئاكىلىبا؟ — سورىدى مېسنا.

——مېنىڭچە يەڭگىلى بولىدۇ. رىمنىڭ ھەربىي كېمىلىرى ھەيۋەتلىك، سىپتا بولمىغىنى بىلەن، مۇستەھكەم، سۈرئىتىمۇ ئىتتىك، باشقۇرۇشقا ئەپلىك، جانغا ئەسقاتىدۇ.

——لېكىن، بىزنىڭ كېمىلىرىمىز ئىككى يۈز ئەللىك ئىككى، دۈشمەننىڭ بەش يۈز تۇرسا! ——دەپ ئەندىشە بىلەن سۆز قىستۇردى بىروجوليا.

——مەيلى ئۇلارنىڭ كېمىلىرى بەش يۈز ياكى سەككىز يۈز بولسۇن، بەربىر، تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال، دەرھال ئالدى - كەينىگە بۇرۇلالمايدۇ. يەنە دېڭىزئەسكەرلىرىمۇ كالۋا قورقۇنچاق، ئۇرۇش قىلىشنى بىلمەيدۇ. شۇڭا بىز ئۇلارغا ئوڭاي تاقابىل تۇرالايمىز. شۇڭا دەيمەنكى، بىز چوقۇم قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلماي، دېڭىزدا ئۇرۇش قىلىشىمىز كېرەك.

——خوش، قۇرۇقلۇقتىكى لەشكەرلىرىمىزنى نېمىگە ئىشلىتىمىز؟ —— سورىدى ئوكتاۋى.

——دۈشمەننىڭ قۇرۇقلۇقتا ئون ئالتە قىسمى بار، ئومۇمىي لەشكەر سانى ئون تۈمەن. بىزنىڭ پىيادە لەشكەرلىرىمىز ئون تۈمەن، ئاتلىق لەشكىرىمىز بىر تۈمەن بەش مىڭ. سان جەھەتتە جىق پەرق يوق، —— دېدى مېسنا.

——لېكىن ئانتونىنىڭ خىل سەركەردىلىرى ئاز ئەمەسقۇ دەيمەن؟

——بۇنىڭدىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز. ئۇنىڭ بىلەن بىللە مىسىرغا بارغان سەركەردىلىرى چاغلىقلا. باتۇرلىرىدىن سىگۇرالا، ئەقىلدارلىرىدىن پەقەت ئېنوبابالا بار. لېكىن سەل قارىغىلى بولمايدىغان يېرى، ئانتونى قوشۇن تارتىپ چىقسا ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلار جىق چىقىشى مۇمكىن.

ئوكتاۋى مۇشتى بىلەن ئۈستەلنى تاققىدە ئۇردى - دە:

——بولدى! —— دېدى —— ئەمىسە دېڭىز ئۇرۇشى قىلايلى! بىز

بىر ئامال قىلىپ ئانتونىنى دېڭىز ئۇرۇشى قىلىشقا سۆرەپ كىرەيلى. ئاكىلبا، ئاگىلسام مىسىر ئەمەلدارلىرى بەك نەپسانىيەتچى دەيدۇ. بىز ئۇلارنى پارا بېرىپ سېتىۋالساق، ئۇلار كلېئوپاترانى كۈشكۈرتۈپ ئانتونىنى دېڭىز ئۇرۇشى قىلىشقا مەجبۇر قىلسا، قانداق دەيسەن؟

—ئوبدان گەپ! — دېدى ئاكىلبا چاۋاك چېلىپ، — بۇ ناھايىتى بەلەن چارە بولدى. بىز مىسىرغا دەرھال مەخپىي ئەلچى ئەۋەتەيلى.

## جەڭنى قۇرۇقلۇقتا قىلىش كېرەكمۇ، دېڭىزدىمۇ؟

رىمنىڭ مىسىرغا رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئانتونىغا يەتكەندە، كلېئوپاترا قورقۇپ چىرايى تاتارغان ھالدا ئانتونىغا يېپىشىپ سورىدى:

—يىگىلىپ قالماسمىز ـ ھە، سەردار ئانتونى؟ دۈشمەننى بەك كۈچلۈك دەۋاتقان ...

ئانتونى پەرۋاسىز ھالدا مۇنداق دېدى:

—ئەنسىرىمەڭ، بىز تەييارلىق كۆرۈپ قويغان. ئوكتاۋى دېگەن نامەرت ئۆزىنى چاغلىماي بىزگە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ يۈرۈپتۇ تېخى. ئۇلار ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، بىز ئوبدان دەككىسىنى بېرىپ، ئۇلارنى كەلگەن يولى بىلەن سۈرۈپ رىمنى ئىشغال قىلىمىز. بىز ئەمدى ئارزۇيىمىزغا يېتىدىغان بولدۇق. سىز خۇشال بولماي ئەنسىرەپ يۈرگىنىڭىز نېمىسى؟ ... بولدى، ئەمدى جەڭگە تەييارلىنايلى. يېلو! يېلو، قېنى سەن؟ — ئانتونى مەھرىمى يېلونى چاقىرىۋېدى، يېلو:

—مانا مەن، جانابىي سەردار، نېمە تاپشۇرۇقىڭىز بار؟ دېگىنىچە، يۈگۈرۈپ كىرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلاندى.

—مۇھىم كېڭەش ئۆتكۈزمەكچىمەن، ئېنوبابا، سىگۇرا، گاندىيالار-نى چاقىر، بۇ يەرگە كىرسۇن!

—خوپ، جانابلىرى!

يېلو ئۇ ئۇچەيلەننى چاقىرىپ كىرىش ئۇچۇن چىقىپ كەتتى.

—ئۇ ئۇچى كىرسە جەڭ توغرۇلۇق كېڭەش ئۆتكۈزىمىز. قارىغاندا، دۈشمەنگە دېڭىزدىنمۇ، قۇرۇقلۇقتىنمۇ تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بەلكىم بىز بىر مەركىل كۆرۈشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. قېنى، ئايرىلىشتىن بۇرۇن بىرەر قەدەھتىن ئىچىشۋالايلى.

ئانتونى كەينىگە بۇرۇلۇپ كېنىزەك جومىياننى شاراب ئەكىلىشكە بۇيرۇۋېدى، كلېئوپاترا دەرھال ئۇنى توسۇپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

—نېمە؟ سىز ئالدىنقى سەپكە كەتمەكچىمۇ؟ بولمايدۇ. سىز ئۇ يەرگە بارسىڭىز، ھەرگىز بولمايدۇ! سىز سەردار بولغاندىكىن مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلسىڭىز بولمىدىمۇ!؟

—ياق، ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ. سەردار دېگەن جەڭگاھتا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىشى كېرەك، بولمىسا لەشكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى بولمايدۇ.

—بىراق، سىز جەڭگاھتا قۇربان بولۇپ كەتسىڭىز، ماڭا بۇ ھاياتنىڭ نېمە كېرىكى!؟ مۇشۇنداق چاغدا سىز يېنىمدا بولمىسىڭىز، مەن قورقىمەن. سىزسىز ئارامىمدا تۇرالمايمەن، — ئايال پادىشاھ سۆزلەۋېتىپ يىغلىۋەتتى.

—مەن تېزلا قايتىپ كېلىمەن، تولا ئەنسىرىمەي، مەن زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەندە، مېنى قانداق كۈتۈۋېلىشنىڭ غېمىنى قىلىڭ!

ئايال پادىشاھ بىر ھازاغىچە مەڭدەپ تۇرۇپ كېتىپ، كېيىن بىر نېمە ئويلاپ تاپتى بولغاي، بىردىنلا خۇشال بولۇپ مۇنداق دېدى:

—ھە، مانا، بىر ياخشى ئامال تاپتىم، مەنمۇ سىز بىلەن بىللە جەڭگاھقا باراي، جەڭگە ئىككىمىز تەڭ قوماندانلىق قىلايلى!

—جەڭگاھقا سىزمۇ بارىسىز؟ ياق، ئۇ ئوينايدىغان يەر ئەمەس، بەلكى ئىككى تەرەپ جان تىكىپ جەڭ قىلىدىغان يەر. ئايال كىشى جەڭگاھتا پۇتلىشىپ نېمە قىلىدۇ، ئادەمگە ئاۋارىچىلىق تېرىپ!



——ماڭا قاراڭ، ئۇ يەر ئۇنداق خەتەرلىك بولسا بارغۇ، سىزنى ھەرگىز يالغۇز ئەۋەتمەيمەن. بېرىش توغرا كەلسە، ئىككىمىز تەڭ بارىمىز!

كلېئوپاترا ئانتونى نېمە دېسىمۇ ئۇنىماي جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئانتونىنىڭ بېشى تازا قېتىپ تۇرغاندا، پىلو، ئېنوبابا، سكۇرا، گاندىيالارنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئانتونى ئۇ ئۈچىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا:

——مانا، دۈشمەن بىزگە رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىپتۇ، ——دېدى.

ئېنوبابا بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە:

——مۇبارەك بولسۇن. ئەمسە، پات ئارىدا جاھاننى سىز سورايدىغان بوپسىز، ——دېدى.

——ھازىر لەشكەرلىرىمىزنىڭ روھى ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ، ——دېدى سكۇرا زور ئىشەنچ بىلەن، —— سەردار جانابلىرى بۇيرۇق چۈشۈرسىڭىز-لا، دەرھال جەڭگە ئاتلىنىدۇ.

ئانتونى ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

——ھازىرقى مەسىلە، ——دېدى، —— دۈشمەن زادى قايسى تەرەپتە جەڭ قىلىدۇ، بۇنى تېخى بىلمەيمىز. ئوكتاۋى بەلكىم دېڭىزدا جەڭ قىلىش كويىدا بولۇشى مۇمكىن. قۇرۇقلۇقتا بىزنى يېڭەلىشكە ئۇ ئىشەنچ قىلالمايدۇ.

——شۇنداق، دۈشمەننىڭ دېڭىز ئارمىيىسى كۈچلۈك، شۇڭا بىز بىر ئامال قىلىپ، دېڭىزدا جەڭ قىلىشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇشىمىز، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىشقا تارتىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ دېڭىز ئارمىيىمىز پۈتۈنلەي مىسىر ئارمىيىسى، تازا جانغا ئەسقاتمايدۇ.

گاندىيانىڭ مىسىر دېڭىز ئارمىيىسىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ كلېئوپاترانىڭ غەزىپى ئۆرلىدى:

——نېمە؟ گاندىيا، سەن تېخى ئۆزۈڭچە مىسىر دېڭىز ئارمىيىسىنى جانغا ئەسقاتمايدۇ دەۋاتىسەنغۇ! مېنىڭ ئالدىمدا تەپتارتماي دەۋاتقان گېپىڭ-نى قارا! جانغا ئەسقاتمامدۇ، ئەسقاتمامدۇ پات پۇرسەتتە بىلىپ قالىسەن. سەردار ئانتونى، بىز ئاۋۋال دېڭىز ئۇرۇشى قىلايلى! ... ئادەملىرىڭىز مېنى

ئايال دەپ كۆزگە ئىلمايۋاتسا كېرەك. مەن ئايال بولسامۇ مىسىرنىڭ پادىشاھى. مەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ مىسىرغا ھاقارەت كەلتۈرۈشىگە چىداپ تۇرالمايمەن. مىسىر دېڭىز ئارمىيىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا سادىق. مەن بۇيرۇق چۈشۈرسەملا، ئۇلار جان تىكىپ جەڭ قىلىدۇ. قېنى، ئۇلار كارغا كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ شۇ چاغدا كۆرىمىز!

ئانتونى قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش نىيىتىدە بولسىمۇ، لېكىن ئايال پادىشاھنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىككىلىنىپ قالدى. دەل شۇ چاغدا بىر كېنىزەك كىرىپ ئايال پاشاھنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. ئايال پادىشاھ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— ھە، ھە، مۇنداق دېگىن، ياخشى، مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، — دېدى، ئاندىن ئانتونىغا بۇرۇلۇپ، — ۋەزىرلىرىمنىڭ ھەممىسى دېڭىزدا ئۇرۇش قىلىش پىكرىگە كەپتۇ. دېمىسىمۇ، دېڭىزدا جەڭ قىلىشنىڭ ياخشى تەرەپلىرى كۆپ، دۈشمەننى تېزلا بىرتەرەپ قىلغىلى بولىدۇ.

ئانتونى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭغا مايىل بولدى ۋە ئاخىر:

— ماقۇل، ئەمسە جەڭنى دېڭىزدا قىلايلى! — دەپ قارار چىقىردۋەتتى.

## شۇملۇق بېشارەتلىرى

ئېنوبابا ئايال پادىشاھنىڭ بىرلا سۆزى بىلەن ئانتونىنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىز دېڭىز ئۇرۇشى قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ چىدىيالمىدى:

— دېڭىز ئۇرۇشى قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بىز پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ كېتىمىز!

گاندىيا بىلەن سىكۇرانىمۇ چىرايلىرى تاتىرىپ كەتتى.

دېڭىزدا ئۇرۇش قىلمايمىز. بۇ نىيەتتىن ۋاز كېچىڭ! ــــ دېدى سىگۇرا يالۋۇرۇپ.

ــــ گاندىيا چاپىنىنىڭ بىر مۇرىسىنى يالىڭاچلاپ يەلكىسىدىن دۈمبىسىگىچە بولغان تىغ يارىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئانتونىغا دېدى:

ــــ جانابى سەردار، بۇ تىغ يارىلىرىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىدە سۆزلەۋاتىمەن. ئۇرۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان مىسىر ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەم مەزلۇم كىشىنىڭ سۆزىگە كىرمەڭ.

ــــ ۋىييەي، ئەجەب كۆڭلۈمنى ئۆلەشتۈردى، ــــ دېدى كلېئوپاترا ئۇنىڭ ئۇچـۇق دۈمبىسىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن بېشىنى كەينىـگە تولغاپ، ــــ سەت يەلكىسىنى كۆرسىتىپ يۈرگىنىنى قاراڭ ئۇنىڭ! سەردار ئانتونى، ئادەملىرىڭىز ماڭا ھاقارەت قىلىۋاتىدۇ، مىسىرنى كۆزگە ئىلمايۋاتىدۇ، بولمىسا، ماڭا ھەرگىز بۇنداق ئەدەبسىزلىك قىلماس ئىدى. ئەگەر مىسىردا بىرەرسى ماڭا مۇشۇنـداق قىلسا، ئاللىبۇرۇن كاللىسىدىن ئايرىلاتتى.

ئانتونى ئايال پادىشاھنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ گاندىياغا:

ــــ ھەي، ئايال پادىشاھنىڭ ئالدىدا نېمىشقا بـىئەدەبلىـك قىلىـسەن؟ ــــ دەپ كايىپ بولۇپ، ئاندىن كلېئوپاتراغا چۈشەندۈردى، ــــ گاندىيا مىسىر ۋە سىز ئۈچۈن جان كۆيدۈرىمەن دەپ، كۆڭلىدىكىنى ئۇقتۇرۇپ بولالماي ئەدەبسىزلىك قىلىپ قويىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بىزگە سادىق ئادەم. خاپا بولماي، ئۇنى كەچۈرۈۋەتسىڭىز!

بۇ سۆزدىن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىگە كۆيۈنىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. مەيلى ئۇلار قانداق تالاش - تارتىش قىلىشسۇن، ئاخىرقى ھۆكۈم ئايال پادىشاھنىڭ رايى بويىچە چىقىرىلدى. ئانتونىنىڭ سەركەردىلىرى دېڭىزدا ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقىنى مەجبۇرىي قوبۇل قىلىپ، باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە چىقىپ كەتتى. كلېئوپاترا بۇ غەلىبىسىدىن كۆرەڭلەپ قىن - قېنىغا پاتماي قالدى:

ــــ ئەجەب ئوبدان بولدى. ئاخىر دېڭىز ئۇرۇشى قىلىدىغان بولدۇق. ئېلو، جوميان، سىلەرمۇ مەن بىلەن بىللە بارسىلەر.

ئۇرۇشنىڭ دەھشەتلىكىنى بىلمەيدىغان بۇ پادىشاھ ئىككى كېنىزىكىنى سەپەرگە جابدۇنۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى ئاللىقانداق بىر مۇسابىقە ياكى ئويۇن كۆرۈشكە بارىدىغاندەك ھېس قىلاتتى، خۇددى ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرگەن ھامان دېگىز لەشكەرلىرى دۈشمەننى بىتچىت قىلىۋېتىدىغاندەك كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆزىچە ھۇزۇرلىنىپ كېتەتتى. ئۇ كېنىزەكلىرىگە باش ياساۋۇل ۋە باش ئاغۋاتلارنىڭمۇ تەييارلىنىشى لازىملىقىنى دەپ بولۇپ، ئانتونىغا مۇنداق دېدى:

—سەردار، قانداق كىيىنسەم بولار: پادىشاھلىق كىيىمىمنى كىيەيمۇ ياكى ئاددىي كىيىنەيمۇ؟ بېشىمغا ئۇقاپىي تاقالغان سېرىق دوبۇلغا، ئاستىمغا تار شىم كىيىپ، يېنىمغا قىلىچنى ئېسىپ، ئەركەكچە ياسىنايمۇ يا؟ خەققە باتۇر ئايالLARدەك كۆرۈنىمەن. كېنىزەكلىرىم پۈتۈنلەي تۈرك چەۋەندازلىرىدەك كىيىنسۇن، قانداق؟ —ئايال پادىشاھ شۇ تاپتا كىيىنىشتىن بۆلەك ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى.

ئانتونى بىلەن ئوكتاۋىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باتۇرنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغان مىسلىسىز بىر چوڭ جەڭ باشلىنىش ھارپىسىدا ئۇ يەر - بۇيەرلەردە غەلىتە ئاپەتلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئالايلۇق ئانتونىنىڭ ئادرىياتىك دېڭىزى بويىدا قۇرغان شەھىرىدە دەھشەتلىك يەر تەۋرىدى. كەينىدىنلا قارا قۇيۇن قۇم - توپىلارنى ئۇچۇرتىپ كېلىپ ئۆي - زېمىنلارنى ئادەم، مال - چارۋىلار بىلەن قوشۇپ كۆمۈۋەتتى. بۇ خەقلەرگە تەڭرىنىڭ ئىنسانىيەتكە قىلىۋاتقان ئاگاھلاندۇرۇشىدەك بىلىندى. بۇ بالايىئاپەتلەرنىڭ خەۋەرلىرى ئالېكساندىرىيىدىكى پادىشاھ ئوردىسىغا يەتكۈزۈپ كېلىنگەندە، كلېئوپاترا خەۋەر ئەكەلگەنلەرگە:

—بۇ شۇملۇقنىڭ بېشارەتلىرى، بۇنى ھەرگىز ئانتونىغا مەلۇم قىلىشقا بولمايدۇ، —دېدى. ئۇ شۇنداق دەپ تۇرۇۋېدى، يەنە بىرەيلەن كىرىپ:

—ئارابادىكى ئانتونىنىڭ ھەيكىلى يېقىندىن بۇيان ھەر كۈنى تەرلەپ تۇرۇۋېتىپتۇ، تەرنى سۈرتۈپ - سۈرتۈپ تۈگەتكىلى بولمايدىكەن، —دېدى. ئۇنىڭ گېپى تۈگىشىگە يەنە بىرەيلەن كىرىپ:

—— ئافىنا مەيدانىدىكى باكاسنىڭ ھەيكىلىنى بوران ئۇچۇرۇپ تىياتىرخانىنىڭ ئۆگزىسىگە تاشلىۋېتىپتۇ، بايراي شەھرىدىكى گاجۇرى ئىبادەتخانىسىنى چاقماق كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋېتىپتۇ، —— دەپ مەلۇم قىلدى.

گاجۇرى ئانتونىنىڭ ئەجدادى ھېسابلىناتتى. شارابخور ئانتونى ئادەتتە ئۆزىنى باكاسقا ئوخشىتاتتى. دېمەك، بۇ ئىككىلىسى ئانتونىغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر ئىدى. شۇڭا خەقلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئانتونى زاۋاللىققا يۈزلەندىمۇ، نېمە، دەپ ئەنسىرەپ قالدى. لېكىن، ئانتونىنى چىن كۆڭلىدىن سۆيىدىغان كلېئوپاترا قۇلىقىنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ:

—— بولدى، مەن ئاڭلىمايمەن! ئەمدى قايسىڭ مۇشۇنداق خەۋەر ئەكىلىدىغان بولساڭ، پۇت - قوللىرىڭنى باغلاپ تىمساھقا تاشلاپ بېرىمەن! —— دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

شۇندىن كېيىن مۇشۇنداق خەۋەر كېلىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ھېچكىم ئۇنى ئايال پادىشاھقا مەلۇم قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى.

## ئايال پادىشاھنىڭ كېمىسى

ئۇزۇن ئۆتمەي ئوكتاۋىنىڭ كېمىلىرى دېڭىزدا پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات يېتىپ كەلدى.

—— ئەمىسە، بىزمۇ ئاتلىنايلى، —— دېدى ئانتونى، —— ئەمدى كېچىكسەك ئۈلگۈرەلمەي قالىمىز. گاندىيا، سەن قۇرۇقلۇقتىكى لەشكەرلەرگە قوماندانلىق قىل. دېڭىزغا مەن بىلەن ئېنوبابا ئىككىمىز ئىگە بولايلى. مەن رىمدىن ئەكەلگەن لەشكەرلىرىم بىلەن ئالدىنقى سەپكە بارىمەن. كلېئوپاترا ئاتمىش قوغدىغۇچى كېمە بىلەن كەينىمىزدىن تاماشا كۆرۈپ ماڭسۇن.

ئانتونى ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى سۆزلەۋاتقاندا، قارا تەرگە چۆمگەن بىر ياساۋۇل ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كىرىپ:

ــــجانابىڭىزغا مەلۇم بولغايكى، شۇملۇقتىن بىر بېشارەت بار. ئافنىا مەيدانىدىكى جانابىڭىز ئورناتقان ئىلاھ يەمپنا ۋە ئادارلارنىڭ ھەيكەللىرى تۇنۇگۈن ئاخشام ئۆزىچىلا ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ، ــــدېدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئانتونىنىڭ چىرايى زەپەردەك سارغىيىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا بۇ يەرگە لەشكىرى كىيىم بىلەن كىرىپ كەلگەن كلېئوپاترا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى قاتتىق چېچىلدى.

ــــھەي، سەن قانداق نېمە زادى! دەرھال كۆزۈمدىن يوقال! مۇنداق بىمەنە خەۋەرنى كۆتۈرۈپ كېلىشمە دەپ سەن خەققە نەچچە قېتىم ئېيتتىم ـ ھە! دۈشمەن كۆڭلىمىزنى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىش ئۈچۈن قەستەن مۇشۇنداق گەپ تارقىتىۋاتسا، سەن ئۇنى بۇ يەرگە كۆتۈرۈپ كەلدىڭما! جاللات! بۇ ئەبلەخنى تىمساھقا تاشلاپ بېرىڭلار!

پادىشاھنىڭ بۇ پەرمانىنى ئاڭلاپ ياساۋۇلنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئانتونى ئارىغا چۈشۈپ ئۇنىڭ جېنىنى تىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ غال ـ غال تىترىگەن ھالدا بۇ يەردىن چىقىپ كەتتى.

بىر ئازدىن كېيىن ئانتونى بىلەن ئايال پادىشاھ تەختىراۋانغا ئولتۇ- رۇپ پورتقا باردى. بۇ يەرگە مىسىرنىڭ نۇرغۇن لەشكىرىي كېمىلىرى يىغىلغانىدى. كلېئوپاترا چىقىدىغان «ئانتونىيە» ناملىق كېمە قىرغاققا يېقىن جايدا توختىتىقلىق ئىدى، كەينىدە قوغدىغۇچى كېمىدىن ئاتمىشى قاتار سەپ بولۇپ تۇراتتى.

ــــمەرھەمەت! ــــ دەپ، يېلو پادىشاھنىڭ قولىدىن تۇتۇپ كېمىگە چىقاردى، كەينىدىن ئۇرۇش بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان كېنىزەك جوميان، ئېلۇ، مالىيە ۋەزىرى سېشۇكا، قىزىقچى مادىيانغا ئوخشاش ئادەم- لەرمۇ بىر ـ بىرلەپ كېمىگە چىقتى.

دەل شۇ چاغدا ئانتونىيە ناملىق كېمىنىڭ باشلىقى بېشىنى ساڭگىلات- قىنىچە ئايال پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــــئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، بۈگۈن بۇ يەردە غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى، ــــدېدى.

ــــنېمە ئىش؟ ــــ سورىدى پادىشاھ ئەجەبلىنىپ.



—كىمىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قارلىغاچ ئۇۋا سالغانىدى، بۈگۈن ئەتىدەگەندە يەنە بىر قارلىغاچ كېلىپ ئۇۋىدىكى چوڭ - چوڭ قارلىغاچلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، ماڭا بۇ بىر شۇملۇقنىڭ بېشارىتىدەك بىلىندى. شۇڭا ئەنسىرەپ ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىۋاتىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى:

—بولدى، كاپىشما، ئەمدى سەنمۇ جۆيلىگىلى تۇردۇڭما؟ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق بىلجىرلايدىغان بولساڭ، ئاقارغان بېشىڭنى بوينۇڭدىن ئۈزۈپ دېڭىزغا تاشلىۋېتىمەن.

كېمە باشلىقى دەككىسىنى يەپ شۈمشەيگىنىچە كېتىپ قالدى.

ئايال پادىشاھ ئولتۇرغان «ئانتونىيە» ناملىق كېمە ناھايىتى سەلتەنەتلىك، يەلكەنلىرى سۆسۈن رەڭ كېمە ئىدى. كېمىدىكى چوڭ ئىسرىقدانىدىن خۇش پۇراقلار تارقىلىپ تۇراتتى. ھەيۋەتلىك تەختىتە ئەتراپىدا سازەندىلەر نەغمە - ناۋا قىلىشىۋاتاتتى.

—ئەمىسە مەن جەڭ كېمىلىرىنى باشلاپ ئالدىدا ماڭاي، —دېدى ئانتونى ئايال پادىشاھ بىلەن خۇشلاشماقچى بولۇپ، لېكىن ئايال پادىشاھ ئۇنىڭغا كىچىك بالىدەك يىپپىشىۋالدى. ئانتونى بىرمۇنچە چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۇنى ئاران ئۇنۇتۇپ، ئۆزىنىڭ لەشكىرىي كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئايال پادىشاھ ئاتمىش قوغدىغۇچى كېمىسى بىلەن يۈزلىگەن لەشكىرىي كېمىنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

بۇ كۈنى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئاسمانمۇ، دېڭىزمۇ ئەينەكتەك سۈپسۈزۈك ئىدى. كېيىن شامال ئاستا كۈچىيىپ دولقۇنلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. كېنىزەكلەر ۋە قىزىقچى مادىيانلار كېمىنىڭ سەل چايقىلىشىغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي، باشلىرى ئايلىنىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي يىراقتىن ئوكتاۋىنىڭ كېمىلىرى كۆرۈندى. ئانتونى كېمىلىرىنى توختاپ، قاتار سەپ بولۇپ تۇرۇشقا بۇيرىدى — دە، ئۆزى كىچىك بىر كېمىگە ئولتۇرۇپ، ئۇرۇش كېمىلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى.

ئانتونى مىسىر كېمىلىرىنىڭ مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنى بىلگەچكە، كېمىلەرنىڭ سىرتىنى قېلىن تۆمۈر بىلەن چەمبەرلىتىۋەتكەنىدى. بۇنداق قىلغاندا، دۈشمەن كېمىسى ئۇنىڭغا كېلىپ سوقۇلغاندا دەرھال سۇنۇپ دېڭىزغا چۆكۈپ كېتەتتى. ئۇ يەنە دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ كېمىگە سەكرەپ چىقىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كېمىنىڭ پالۇبىسىغا ئۇچلۇق تىغلارنى سانجىتىۋەتكەنىدى. ئانتونى بۇ تەييارلىقلارنىڭ پۇختا قىلىنغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ، ئۆزىنىڭ جەڭ كېمىسىگە قايتىپ چىقتى ۋە بارلىق كېمىلەرنى دۈشمەن تەرەپكە قاراپ ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى.

ئەمدى ئوكتاۋىلار تەرەپكە كەلسەك، ئۇلارمۇ مىسىر كېمىلىرىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى. ئوكتاۋى مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇپ:

—ئەنە، مىسىرنىڭ ئويۇنچۇق كېمىلىرى كېلىۋاتىدۇ، ئۆزلىرىنى قانچىلىك سۆلەتلىك تۇتقىنى بىلەنمۇ، بەربىر تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال، بىردەمدىلا مىجىقىنى چىقىرىۋېتىمىز، —دېدى. لېكىن، ئاكىلىبا يەنىلا ئېھتىياتچانلىقىنى قىلدى، ئالدى تەرەپكە سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇپ:

—ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ، جانابلىرى! ئانتونى نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئادەم، ھەرگىز بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايدۇ! —دېدى.

شۇ ئارىدا ئىككى تەرەپنىڭ كېمىلىرى يېقىنلا كېلىپ قالدى. ئاكىلىبا ئاۋۋال زەربە بېرىۋېلىش ئۈچۈن كېمىلىرىگە ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەردى. رىم كېمىلىرى ئۆزلىرىنىڭ پۇختىلىقىدىن پايدىلىنىپ مىسىر كېمىلىرىنى سوقۇپ چۆكتۈرۈۋەتمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئىش ئۇلار ئويلىغاندەك بولمىدى. مىسىر كېمىلىرىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن سوقۇلغان رىم كېمىلىرىدىن بىرنەچچىسى پاچاقلىنىپ ئۆزلىرى سۇغا چۆكۈپ كەتتى.

رىم كېمىلىرى مۇستەھكەم قورغاندەك تۇرۇۋالغان مىسىر كېمىلىرىنىڭ سېپىنى بۆسۈپ ئۆتەلمەي، مىڭ بالالىقتا بىرنەچچە كېمىنىڭ يېنىغا كەلدى. رىم لەشكەرلىرى مىسىر كېمىسىگە سەكرەپ چىقتى. لېكىن چىققانلارنىڭ كۆپى كېمىگە ئۇچىنى چىقىرىپ سانجىپ قويۇلغان تىغ - پىچاقلار-

دىن ئاتلاپ ئۆتەلمىدى. شۇ ئارىدا مىسىر لەشكەرلىرى ئۇلارنى ئوقيا بىلەن جەھەننەمگە يولغا سېلىۋەتتى. بۇ كۈتۈلمىگەن زەربىدىن رىم لەشكەرلىرى پاتپاراق بولۇپ كەتتى. شۇ ئارىدا ئاكىلبا ۋارقىرىدى:

—دۈشمەن يامان كېلىۋاتىدۇ، ھەرگىز ئۇلارنىڭ كېمىسىگە چىقـ ـماڭلار. دۈشمەن كېمىسىگە ئوت تاشلاڭلار!

—مەشئەل تاشلاڭلار! ئوت تاشلاڭلار! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە، رىملىقلار مىسىر كېمىلىرىگە ئوت ـ مەشئەللەرنى تاشلىغىلى تۇردى.

—ئوتلارنى ئۆچۈرۈڭلار، پالاخمان ئىشقا سېلىنسۇن! — مىسىر كېمىسىدىمۇ ۋارقىراشلار ئاڭلاندى. پالاخمان بىرنەچچە ئادەمنىڭ باشقۇرۇ-شى بىلەن يوغان ـ يوغان تاشلارنى ئاتىدىغان قورال بولۇپ، شۇ زامانلاردا ھازىرقى زەمبىرەكنىڭ رولىنى ئوينايتتى. مىسىرلىقلارنىڭ بۇ قورال بىلەن ئاتقان تاشلىرى نۇرغۇن رىم لەشكەرلىرىنى يىقىتتى. لېكىن، رىملىقلار ئاتقان ئوتلارمۇ مىسىر كېمىلىرىدە يانغىن ۋە پارتلاش پەيدا قىلدى. ئەتىگەندە باشلانغان بۇ شىددەتلىك جەڭ چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچكىچە داۋام قىلدى.

ئانتونى بىلەن ئوكتاۋى ئىككىسىلا جەڭگە ماھىر قوماندان، ئاكىلبا بىلەن ئېنوبابا ئىككىسىمۇ دانا مەسلىھەتچىلەردىن ئىدى. شۇڭا بىر تەرەپ سەل ھالسىزلانغاندا، يەنە بىرتەرەپ ھۇجۇم قىلىپ، بىرتەرەپ كۈچ بىلەن باستۇرۇپ كەلگەندە، يەنە بىرتەرەپ سەل ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ دېگەندەك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئىككىلا تەرەپ بىر ـ بىرىگە بوي بەرمىدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ، ئانتونى تەرەپ خېلى ئۈستۈنلۈككە ئۆتۈۋالدى.

—ياخشى، ئەمدى ئاخىرقى مىنۇتلار يېتىپ كەلدى. يەنە بەش مىنۇت غەيرەت قىلساق، دۈشمەننى تار ـ مار قىلىۋېتىمىز، — دېدى ئانتونى كېمىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ئۈندەپ.

مىسىر كېمىلىرىنىڭ ھۇجۇمى بىلەن رىملىقلارنىڭ سېپىلى قالايمىـ قانلىشىپ، بىرنەچچە كېمىسى سۇغا چۆكۈپ كەتتى. ئانتونىنىڭ سەركەر-دىسى سىگۇرا ئوكتاۋى ئولتۇرغان كېمىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئوقيا بىلەن ئۇلارنىڭ بايرىقىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتتى. ئوكتاۋى ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى





سېزىپ غىپپىدە كېمە بۆلمىسىگە كىرىپ كەتتى. ئۇرۇش مۇشۇ تەرىزدە يەنە يېرىم سائەت داۋاملاشسا، رىم ئارمىيىسى پۈتۈن سەپ بويىچە يېمىرىلىپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، نۇرغۇن تالاپەت تارتىپ قۇيرۇقنى خادا قىلغان بولاتتى، لېكىن مۇنەججىم ئارابانىڭ ئېيتقىنىدەك، ئانتونىنىڭ يۇلتۇزى ئوكتاۋىنىڭ يۇلتۇزى ئالدىدا ئاجىز كېلىپ قالغانىدى،ئانتونى ھەرقانچە قىلسىمۇ بەربىر ئوكتاۋىغا يېڭىلەتتى. مانا، دەل ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك ئىش يۈز بەردى. بۇنىڭغا جەڭ كېمىلىرىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ئۇرۇشنى كۆرۈۋاتقان ئايال پادىشاھ كلېئوپاترا سەۋەبچى بولدى. ئۇ باياتىن بېرى بولۇۋاتقان دەھشەتلىك جەڭلەرنى كۆرۈپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغانىدى. بۇمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، ئۇرۇش كۆرمىگەن ئادەم شىددەتلىك جەڭ ئىچىدە كىمنىڭ يېڭىپ، كىمنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى ئاسان پەرق قىلالمايدۇ. مانا، دۈشمەننىڭ بىر كېمىسى كلېئوپاترانىڭ بىر قوغدىغۇچى كېمىسىگە يېقىنلىشىپ لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان مەشئەلدىن بىرنى تاشلىۋېدى، ئۇ كېمىنىڭ يەلكىنىگە ئوت تۇتاشتى، كەينىدىنلا كېمە كۆيۈپ دېڭىزغا چۆكۈشكە باشلىدى. كلېئوپاترا چۆكۈۋاتقان كېمىگە قاراپ قېتىپلا قالدى كېنىزەكلەر:

—ۋاي، بولمىدى! — دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

—چېكىنىڭلار! — ئايال پادىشاھ كلېئوپاترانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاتمىش كېمە كەينىگە بۇرۇلۇپ دېڭىز قولتۇقى تەرەپكە چېكىندى.

ئىش مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن بولسىمۇ چوڭ چاتاق چىقمايتتى، لېكىن ئانتونى كۈتۈلمىگەن بىر ئىش قىلىپ قويدى. كلېئوپاترانىڭ كېمىلىرىنىڭ چېكىنگەنلىكىنى كۆرۈپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلگۈسى كەلدىمۇ، قانداق، ئىتتىك ماڭىدىغان بىر كىچىك كېمىگە چىقتى — دە، ئايال پادىشاھنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى.

ئانتونىنىڭ غەلىبە قىلىشقا ئازلا قالغان دېڭىز ئارمىيىسى قوماندانى كېتىپ قالغاچقا، بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

رىم لەشكەرلىرى بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشتىن ھەيران قالدى. ئاكلىبا پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ كېمىنىڭ بېشىغا كەلدى - دە:

—رىم لەشكەرلىرى، بىز يەڭدۇق! دۈشمەن قوماندانى قاچتى! — دەپ ۋارقىرىدى. كۆچ، غەيرەتتىن قالغان رىملىقلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ باشقىدىن جانلىنىپ ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتتى.

ئېنوبابا ئانتونىنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا قىلىچىنى بىرلا ئۇرۇپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى ـ دە:

—تۆگەشتۇق! ئەمدى تۆگەشتۇق! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

سكۇرامۇ غەزىپىنى باسالماي، ئوقياسىنى تىزىغا ئۇرۇپ سۇندۇرۇپ دېڭىزغا تاشلىۋەتتى.

—بۇ ئوقيانىڭ ئەمدى نېمە كېرىكى! — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن ۋارقىراپ، — بىز تۆگەشتۇق، ئەمدى ئانتونىغىمۇ ياخشى كۈن يوق!

## ئانتونىنىڭ قېچىشى

دېڭىز قولتۇقىغا قاراپ چېكىنىۋاتقان «ئانتونىيە» ناملىق كېمىدىكى بىرنەچچە كېنىزەك ئۆزلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئانتونىنى كۆرۈپ:

—ۋاي ئەنە، سەردار كېلىۋاتىدۇ!

—ئەنە، ساردار ئانتۇنى ...

—ۋىيىەي، سەردار ئانتونى نېمە بولغاندۇ؟ — دەپ چۇرقىراپ كېتىشتى. ئانتونى دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا كلېئوپاترا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

—سېگنالچى قېنى؟ بولۇڭلار، تېز سېگنال بەرسۇن، سەردار ئانتونىنى كېمىمىزگە چىقىرىۋالايلى!

كلېئوپاترانىڭ بۇيرۇقى بىلەن، «ئانتونىيە» ناملىق كېمە توختاپ ئانتونىنىڭ كېمىسىگە بەلگە بەردى. ئانتونىنىڭ كېمىسى پادىشاھنىڭ كېمە-سىگە يېقىنلىغان ھامان ئانتونى چاققانلىق بىلەن كېمىگە چىقتى. كلېئو-

پاترانىڭ كەينىدىن قوغلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ لەشكەرلىرىنىڭ نېمە
هالغا قېلىشىنى ئويلىمىغان ئانتونى ئەمدى ئۇ ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ قاتتىق
پۇشايمان قىلدى، لېكىن هازىر پۇشايمان قىلىسمۇ بەرىبىر ئىدى.

«پادىشاھ نېمىشقا قاچىدۇ زادى؟» غەزەپ ۋە ئەلەم ئىسكەنجىسىدە
قالغان ئانتونى پادىشاھقا تازا بىر كايىغۇسى بولىسمۇ، لېكىن ئۇنداق
قىلالمىدى. كلېئوپاترانىڭ چىرايىغا قارىمايلا كېمىنىڭ بېشىغا باردى –
دە، ئىڭىكىنى تىرەپ ئولتۇردى. كلېئوپاترامۇ ئانتونىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ،
يېنىغا بارماي جايىدا جىممىدە ئولتۇردى.

بىر ئازدىن كېيىن تۇيۇقسىز چۇقان – سۈرەن ئاۋازى ئاڭلاندى.
ئاكىلبا ئانتونىنىڭ ئايال پادىشاھنىڭ كەينىدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ
ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن قوغلاپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئاتقان نەيزىلىرى
پادىشاھنىڭ كېمىسىگە چۈشكىلى تۇرۇۋېدى، كېنىزەكلەر يىغلاپ ۋارقىراپ
كېتىشتى، مۇلازىملار قورققىنىدىن ئۇيان – بۇيان قېچىشتى. خىيال
سۈرۈپ ئولتۇرغان ئانتونى ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپ كېمىنىڭ ئاياغ
تەرىپىگە كەلدى ۋە كەينىدىكى كېمىگە قاراپ:

—قايسىڭ؟ قايسىڭ بىزنى قوغلاپ كېلىۋاتقان؟ — دەپ
ۋارقىرىدى.

—مەن! مەن ئاكىلبا، ئىككىڭلارنى رىمغا ئەكېتىش ئۈچۈن
كەلدىم!

—ھە، ئاكىلبامۇ سەن؟! — دەپ ۋارقىرىدى ئانتونى كېمىگە
سانجىلىپ تۇرغان بىر نەيزىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، — يۈرىكىڭ خېلى
بار ئىكەن سېنىڭ – ھە! مېنى ئەكەتمەكچىمۇسەن؟ ئاۋۋال سېنىڭ
جېنىڭنى مەن بىر ئالاي! — ئۇ شۇنداق دەپلا نەيزىنى ئاتتى. بۇنى
كۆرۈپ ئاكىلبا دەررۇ يەرگە يېتىۋالدى. نەيزە ئۇدۇل بېرىپ ئۇنىڭ
كەينىدىكى بىرنەچچە لەشكەرگە بىراقلا سانجىلدى.

ئانتونىنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ رىم لەشكەرلىرىنىڭ دېمى ئىچىگە
چۈشۈپ كەتتى. ئاكىلبانىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ كېمىسى
«ئانتونىيە» ناملىق كېمىنى تاشلاپ بەدەر قاچتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئايال

پادىشاھنىڭ كېمىسى ئالېكساندرىيە پورتىغا ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلدى.
ئەمدى دېڭىزدا قالغان مىسىر كېمىلىرىگە كەلسەك، ئۇلار ئېنوبابانىڭ قوماندانلىقىدا رىملىقلار بىلەن توختىماي ئېلىشتى. جەڭ قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىنمۇ توختىمىدى، كەچ بولغاندا رىملىقلارغا ياردەمچى قوشۇن كېلىپ قوشۇلۇپ، مىسىرلىقلار تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. تاڭ سەھەر سائەت تۆتلەردە مىسىر دېڭىز ئارمىيىسى پۈتۈن سەپ بويىچە يىمىرىلدى. ئېنوبابا بىلەن سىگۇرا ئىككىسى جېنىنى ئاران قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ بىر كىچىك كېمىگە ئولتۇردى ـ دە، قۇرۇقلۇقتا چىقىپ گاندىيانىڭ پىيادە لەشكەرلەر بارگاھىغا كېلىۋالدى.
ئانتونىنىڭ پىيادە لەشكەرلەر قىسمى كىلىكيادىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن ئالېكساندرىيىگە بارگاھ قۇرۇپ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئالېكساندرىيىگە قايتىپ كەلگەن ئانتونى مىسىر دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغانلىقىنى، ئېنوبابا بىلەن سىگۇرانىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. ئالېكساندرىيىگە توپلانغان شەرق ئەللىرىنىڭ ياردەمچى قىسىملىرى ئانتونىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتىپ كېتىشتى. ئانتونى چوڭ كۆرىدىغان پىيادە لەشكەرلەر قىسمىدىنمۇ نۇرغۇنلىرى ئوكتاۋى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئانتونى بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال قول ئاستىدىكىلىرىگە يىغىلىشقا بۇيرۇق بەردى. بۇيرۇق چۈشۈشكىلا، يېلو قاتارلىق سادىق ئادەملىرى ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى. ئانتونى ئۇلارغا تەمكىن ھالدا مۇنداق دېدى:
—قارىغاندا مەندىن ئامەت يۈز ئۆرۈپتۇ. ھەرقايسىڭلار بۈگۈنگىچە سادىقلىق بىلەن خىزمىتىمنى قىلىپ كەلدىڭلار، بۇنىڭغا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت. لېكىن، مېنىڭ ئەھۋالىم بولسا مۇشۇ، شۇڭا ئەمدى سىلەرنى بىكاردىن ـ بىكار جاپا تارتقۇزماسلىق نىيىتىگە كەلدىم. ھازىر بىر كېمىدە لىق ئالتۇنىمىز بار. شۇنى ھەرقايسىڭلار بۆلۈشۈۋېلىپ، يۇرت قامال قىلىنىشتىن بۇرۇن جېنىڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار. ئەگەر ئوكتاۋىنىڭ خىزمىتىدە بولساق دېگۈچىلەر بولسا، ئۇلارغا مەن خەت قىلىپ بەرسەممۇ بولىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سورۇندىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى قوشۇلمىدى.
—بىز قاچمايمىز، ئاخىرىغىچە سىز بىلەن بىللە بولىمىز!
—خانابىگىمىزنى ھېچقايسىمىز تاشلاپ كەتمەيمىز!...
كۆپچىلىك ئانتونى بىلەن ئاخىرىغىچە ھايات ـ ماماتتا بىللە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈۋاتقان شۇ پەيتتە بىرنەچچە لەشكەر باشلىقى كىرىپ ئانتونىغا مەلۇمات بەردى:
—دېڭىز ئارمىيىمىز يىمىرىلگىنى بىلەن، لېكىن گاندىيا باشچىلىقىدىكى پىيادە لەشكەرلەر قىسمىمىز تېخى بار ئىكەن.
—ئۇلاردىن بەزىلەر دۈشمەنگە تەسلىم بوپتىكەنغۇ، چوڭ چاتاق ئەمەسمىكەن؟
—ھەئە، چوڭ چاتاق ئەمەس ئىكەن.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئانتونىنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈردى.
—ياخشى، — دېدى ئۇ يېگىنۋاشتىن ئىشەنچ تېپىپ، — دېڭىزدا مەغلۇپ بولغىنىمىز بىلەن، قۇرۇقلۇقتا بۇ ئەنتىمىزنى ئالغۇدەكمىز تېخى!
—يەنە، — دېدى بىر لەشكەر بېشى، — ئېنوبابا بىلەن سەركەردە سىگۇرامۇ تېخى ھايات ئىكەن. ھازىر ئۇلار گاندىيانىڭ بارگاھىدا!
بۇ خەۋەر ئانتونىنى تېخىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى.
—ئەمىسە ھازىرلا بېرىپ، گاندىيانىڭ بارگاھىغا بېرىپ، دەپ قويۇڭلار، مەن تېزلا يېتىپ بارىمەن. ئۇلار شۇنى ئۇنتۇمىسۇن، دۈشمەننى يىمىرىۋېتىشكە ئەڭ قۇلايلىق جاي — ماسېتېنىيە تۈزلەڭلىكى.
لەشكەر بېشىدىن بىرى بۇ ۋەزىپىنى ئېلىپ دەرھال يولغا چىقتى.
بۇ ئارىدا ئانتونى بىلەن كلېئوپاترا سۆزلەشمەي يۈرگىلى ئۈچ كۈن بولۇپ قالغانىدى.
—سەردار ئانتونىغا گەپ قىلىڭ، — دەپ نەسىھەت قىلدى جۇميان كلېئوپاتراغا. لېكىن، كلېئوپاترا بويىنى قاتتىقلىق قىلىپ ئۇنىمىدى.
—سەردار ئانتونى، — دېدى جۇميان ئانتونىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ئۇياقلارغىمۇ قاراپ قويۇڭ، قارىڭە، ئايال پادىشاھىمىزنىڭ ھالىتىگە.

ئۇ ئۆمرىدە مۇنداق بىچارە بولۇپ قالمىغان!

ئانتونىمۇ جۇمياننىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي، بېشىنى سىلىپ تۇرۇۋالدى.

—يۈرۈڭە، سەردار، يۈرۈڭ ... — دەپ جۇميان ئۇنى سۆرەپ دېگۈدەك كلېئوپاترانىڭ ئالدىغا ئاپاردى. ئانتونى بۇ يەردىمۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتالماي قولىنى سىلكىپ ۋارقىرىدى:

—مەن قاچان دۈشمەننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قاچقان ـ ھە؟ مەن زادى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق شەرمەندە ئاقىۋەتكە قالدىم؟

كلېئوپاترا ئانتونىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ يىغلىغىنىچە:

—راست، مەن ئەسكى! ھەممىنى قىلغان مەن! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى، — قورقۇپ كېتىپتىمەن، شۇڭا كېمىلەرنى چېكىندۈرۈپ كەتكەن. مېنى كەچۈرۈڭ، مەن سىزنى ھەرگىز كەينىمدىن كېلەر دەپ ئويلىماپتىكەنمەن!

—راست، بۇنداق ئەخمەقلىقنى مەندىن بۆلەك ھېچكىم قىلمايدۇ! ئايال خەقنىڭ قورقۇنچاقلىقىنى، جەڭ مەيدانىدا تۇرالمايدىغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمىدىم! ئەسلى سىزنىڭ كەينىڭىزدىن ماڭماسلىقىم كېرەك ئىدى، شۇ چاغدا ئەقلىمدىن ئېزىپتىمەن.

—مېنى ئەپۇ قىلسىڭىزچۇ! — كلېئوپاترا يىغلىغىنىچە ئۆزىنى يەرگە تاشلىۋەتتى. ئانتونى ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ چىدىيالماي، دەرھال بېرىپ ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى ـ دە:

—بولدى، بۇنچە كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، — دېدى، — ئەمدى قىيداشمايلى. كېلىڭ، بىرەر قەدەھتىن ئىچىپ سەل ئارامىمىزنى تاپايلى. ھەرقانچە پۇشايمان قىلساقمۇ، ئۆتكەن ئىش ئورنىغا كەلمەيدۇ. دېڭىزدا يېڭىلگىنىمىز بىلەن، تېخى قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىدىغان پۇرسىتىمىز بار. بۇنىڭدا ئۆزىمىزنى باشقىدىن كۆرسىتىمىز.



# ئايال كىشىنىڭ كۆڭلى

بىر كۈنى كېچىسى كلېئوپاترا ئانتونى ۋە مىسىرنىڭ تەقدىرىنى خىيال قىلىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋامۇ ناھايىتى تىنجىق ئىدى. ئۇ ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ئاخىر بولالماي:

ـــ قايسىڭ بار؟ دەرھال ياپپۇز شارابى كەلتۈرۈش! ـــ دەپ ۋارقىرىدى. كېنىزەك ئېلو شاراب بىلەن قەدەھنى مىس پەتنۇستا كۆتۈرۈپ كىردى.

ـــ ھە، ئېلومۇ سەن؟ سەردار ئانتونى قەيەردە؟

ـــ سەردار ئانتونى سەركەردە ئېنوبابا بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ.

ـــ ئېنوبابا قايتىپ كەلدىمۇ؟

ـــ ھەئە، بىر سائەتچە بولدى. سەركەردە گاندىيانىڭ بارگاھىدىن كەپتۇ.

ـــ تىۋا، مەن ئەجەپ بىلمەپتىمەنغۇ! ئېنوبابا نېمىشقا ئالدىمغا كىرمەپتۇ؟ مېنى دېڭىزدا قېچىپ كەتتى دەپ ئۆچلۈكى كېلىپمۇ يا؟

ـــ ياق ـــ ەي، ئەدد ـــ ك ـــ ىنى! س ـــ ىزنى ئۇخلاپ قالدى دېگەنىدىم، ئۇ كىرمىدى.

ـــ شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە بوپتۇ.

ئەزەلدىن تەكەببۇر بۇ پادىشاھ ھازىر كەمتەرل ـــ ىش ـــ ىپ، ھەت ـــ تا ئال ـــ دىغا ئېنوبابادەكلەرنىڭ كىرىشىگىمۇ تەقەززا بولىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

ـــ باشقا بىرەيلەن سىز بىلەن مەخپىي كۆرۈشمەكچىكەن، پادىشاھىم.

ـــ مەن بىلەن؟ كىمكەن ئۇ؟

ـــ ناھايىتى سالاپەتلىك بىر رىملىق ئادەم.

ـــ ئىسمى نېمىكەن؟

ــــئىسمىنى سېلىيا دەيدىغۇ.

ــــسېلىيا؟ ئاڭلىمىغانلا ئىسمىغۇ بۇ. مەيلى، باشلاپ كىر!

ئايال پادىشاھ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋالغان ئارىلىقتا، ئېلو چىقىپ ئۇ يۈچۈن مېھماننى باشلاپ كىردى. كىچىككىنە بۇرۇت قويۇۋالغان بۇ ئۈزۈن-تۇرا مېھمان كىرىپ بۇ يەرنىڭ ھەيۋەتلىكىدىن ھەيران قېلىپ ئۇيان - بۇيان قاراپ كەتتى، ھەتتا بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنىمۇ ئالا قويمىدى.

ــــپادىشاھ كلېئوپاترا مانا مەن بولىمەن. خوش، قەيەردىن كېلىشىڭ؟

سېلىيا ئايال پادىشاھقا ئۈچ چامدامچە يېقىن يەرگە كېلىپ تەزىمدىن بىرنى بەجا كەلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن:

ــــئىسمىم سېلىيا بولىدۇ، ــــ دېدى، ــــ ئالىيلىرىنى مەخپىي زىيارەت قىلىپ كېلىشىمدىكى سەۋەب، ئەگەر بۇنى سەردار ئانتونى بىلىپ قالسا، ئىش چاتاق بولىدۇ.

ــــئانتونى بىلسە، نېمىشقا چاتاق بولىدۇ؟

ــــئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، پېقىر ئوكتاۋىنىڭ ئادىمى، باشلىقىمى-نىڭ پەرمانى بويىچە ئالدىڭىزغا كەلدىم.

ــــھە، ئوكتاۋىنىڭ ئەلچىسى ئىكەنسەن - دە.

ــــئالىيلىرى ئالدىدا بىزنىڭ باشلىق ناھايىتى خىجىل، شۇڭا مېنى ئالاھىدە ئەۋەتتى. بىزنىڭ باشلىق ئالىيلىرىنىڭ ئانتونى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە مەجبۇر بولغانلىقى ئانتونىنىڭ كۈچىنىڭ زورلۇقىدىن ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ.

ــــبۇ …

ــــشۇڭا بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئالىيلىرىنىڭ ھېچقانداق مەسئۇلىيىتى يوق. سىز ئانتونىنىڭ مەجبۇر قىلىشى بىلەن جەڭگە چىقتىڭىز، شۇنداق بولغاچقا، ئۇرۇش بولۇۋاتقاندا ھېچنېمىگە قارىماي قايتىپ كەتتىڭىز. ئوكتا-ۋى جانابلىرى ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئىنتايىن چۈشىنىدۇ. بۇ گېپىم توغرى-غۇ دەيمەن؟!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كلېئوپاترا بىردىنلا ئىككىلىنىپ قالدى. چۈنكى

شۇ چاغدا مىسىر بىلەن ئۆزىنىڭ بەختەرلىكى خىيالىغا كىچىپ قالغانىدى.

—توغرا، — دەۋەتتى ئۇ ئىختىيارسىزلا، — سەن دېگەندەك مەن ئانتونى بىلەن ۋاقتىنچە ئىتتىپاق تۈزۈپ تۇرغان. بۇ چىن كۆڭلۈمدىن خالاپ قىلغان ئىشقۇ ئەمەس.

— ھە، بىلدىم، ئەمىسە مەن ئوكتاۋىغا مۇشۇنداق مەلۇم قىلاي، ئەسلى مەقسەتنى بايان قىلسام، ئالىيلىرى ئانتونىدىن ۋاز كېچىپ ئوكتاۋىغا بېقىنغان بولسلا، ئىككىلا تەرەپ ئۈچۈن كۆپ پايدىلىق ئىش بولغان بولاتتى!

— ھىم، ئەمىسە مالال كۆرمەي، مەندىن ئوكاۋىغا سالام ئېيتىپ قويارسەن.

—بولىدۇ. مۇمكىن بولسا، ئالىيلىرىنىڭ قولىنى بىر سۆيۈپ قويسام.

ئايال پادىشاھ قولىنى چىقاردى، سېلىيا تىزلىنىپ ئۇنىڭ قولىنى سۆيدى. دەل شۇ چاغدا بۇ يەرگە ئانتونى بىلەن ئېنوبابا كىرىپ قالدى.

—ھوي، ئۇ كىم؟ — ئانتونى پادىشاھنىڭ قولىنى سۆيۈۋاتقان بىر يوچۇن كىشىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ توختاپ قالدى.

—ھە، ئوكتاۋىنىڭ ئادىمى سېلىياغۇ! تووا، ئۇ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەندۇ؟ — ئېنوبابا يوغان چامداپ بېرىپ پادىشاھقا سالام بېرىۋەتكەندىن كېيىن، سېلىيانىڭ يەلكىسىنى سىلكىپ تۇرۇپ سورىدى،

— سېلىيا، بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ شاھىمىزغا نېمىلەرنى بىلجىرلىدىڭ؟ سەردار، ياساۋۇللارنى چاقىراي!

ئۇنىڭ چاقىرىشى بىلەن بىرنەچچە ياساۋۇل يۈگۈرۈپ كىردى.

— بۇنى ئەپچىقىپ ئوبدان ساۋاڭلار، ئۇ بۇيەرگە زادى نېمىشقا كەلگەنلىكىنى ئىقرار قىلسۇن!

ياساۋۇللار سېلىيانى سۆرەپ ئەپچىقىپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ياندىكى ئۆيدىن قامچىنىڭ «تارس! تارس!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئانتونى پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئالايغان ھالدا دېدى:

—دۈشمەننىڭ ئەلچىسىگە قولىڭىزنى تۇتۇپ بەرگىنىڭىز نېمىسى؟

ئەمدى مەن سىزگە يارىمايدىغان بولۇپ قالغان ئوخشايمەن. بولمىسا، مەن نەپرەتلەنگەن دۈشمەنگە سىزمۇ نەپرەتلەنگەن بولاتتىڭىز.

ھايال ئۆتمەي، يان ئۆيدىكى داد ـ پەرياد توختاپ، ئېنوبابا كىرىپ كەلدى.

ــــئۇنى ئوكتاۋى پادىشاھنى ئاسىيلىق قىلىشقا كۈشكۈرتۈش ئۈ- چۈن ئەۋەتكەنىكەن. ئۇنى يەنە قىينامدۇق؟

ــــئۇ ئادەتتىكى بىر چۈپرەندى. ئۇنى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتسەكمۇ بىكار. ئۇنى خېلى ساۋىدىڭلار، بىزنىڭ كىملىكىمىزنىمۇ بىلدى. ئەمدى قوغلىۋېتىڭلار، كۆرگەن كۈننى بېرىپ ئوكتاۋىغا ئېيتسۇن.

ئېنوبابا بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كلېئوپاترا ئانتونىنى قولىدىن تارتىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى، ئانتونىنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمىگەچكە، گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئارى- دىكى جىملىقنى يەنىلا ئانتونى بۇزدى:

ــــپادىشاھ، سىز ماڭا ئۆزىڭىزگە ۋە مىسىرغا كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆڭۈل بۆلمەيدىكەنسىز. ئىشىم سەل تەتۈرىگە مېڭىۋىدى، ئوكتاۋىغا بېقىنـ- غىڭىز كېلىپ قالدى. تەقدىر ئوكتاۋىغا كۈلۈپ قارامدۇ ياكى ماڭىمۇ، تېخى كۆرىمىز. زادى كىمنىڭ يېڭىلىدىغانلىقى ئەتە قۇرۇقلۇقتا ھەل بولىدۇ.

ــــسەردار ئانتونى، سىز خاتالىشىپسىز. مېنىڭ قانداقمۇ ئوكتاۋىغا بېقىنغۇم كەلسۇن؟ مەن دۈشمەننى بىر چېكىپ باقاي، بىزگە پايدىلىق بىرەر خەۋەر چىقىپ قالارمۇ دەپ، ئۇنىڭغا قەستەن قىزغىن كەيپىياتتا بولغان. مىسىرنىڭ كېيىنى دەپ قالدىڭىز، مىسىر ئىككىمىزنىڭغۇ؟ مەن مىسىرنى سۆيىمەن، ئوخشاشلا سىزنىمۇ سۆيىمەن.

پادىشاھنىڭ بۇ گەپلىرى ھەرگىز يالغان ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاۋايا مىسىرنى ۋە ئۆزىنى كۆزدە تۇتۇپ ئەلچىگە ھېلىقى گەپلەرنى قىلغان، ئەمدى ئانتونىنىڭ ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىدى، خاتىرجەم بولدى. ئانتونىمۇ ناھايىتى ئوچۇق ـ يورۇق ئادەم، ئۇمۇ پادىشاھنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇنداق دېدى:

ــــگەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ ئۇقۇشماسلىقنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدىم. ئەتە

گاندىيا بىلەن ئىككىمىز دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىمىز. دېڭىزدىكى جەڭنىڭ ئەنتىنى چوقۇم قۇرۇقلۇقتا ئالىمىز. چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. دېڭىز ئۇرۇشىدا بىزمۇ دەسلەپتە ئۇتتۇرۇۋەتمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىشقا ماھىر. بىز ھەرگىز يېڭىلمەيمىز، شۇنداقمۇ، ئېنوبابا؟

ــــ ئەلۋەتتە، ــــ دېدى يېڭىلا ئۆيگە قايتىپ كىرگەن ئېنوبابا، ــــ ئەسلىدە بىز دېڭىز ئۇرۇشىدىمۇ يېڭىلمەيتتۇق. نېمە سەۋەب بولدىكىن، يېڭىلىپ قالدۇققۇ تاڭ!؟ ــــ ئېنوبابا سۆزلەۋېتىپ پادىشاھقا قىيا كۆزى بىلەن قاراپ قويدى. ئۇنىڭ گېپىدىن بۇنىڭغا سەن سەۋەبچى، دېگەندەك مەنا چىقىپ تۇراتتى.

ــــ ئەتە ئانتونىغا ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى چوقۇم تونۇتىمەن. دېڭىزدا يېڭىلدىم، لېكىن يېڭىلىدىغان ئىش قۇرۇقلۇقتا ھەرگىز بولمايدۇ. مۇنداق بولسۇن، بۈگۈن ئاخشام قول ئاستىدىكىلىرىمىز بىلەن قانغۇدەك بىر ئىچىشۋالايلى، ئەتە جەسۇرانە جەڭ قىلالايدۇ!

ئانتونى بىلەن ئېنوبابا رىمدىن تارتىپ ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوردا ئالدىدىكى مەيدانغا يىغدى. ئانتونى ئۇلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ:

ــــ ئەتە رەسمىي جەڭ قىلىمىز. بۈگۈن ئاخشام تازا پۇخادىن چىققۇدەك بىر ئىچىشۋالايلى، ــــ دېدى ـ دە، ئۇلار ئۆز قولى بىلەن شاراب قۇيۇپ بەردى. بەزىلەر سەردارنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئېلىشتى.

## جەڭگە ئاتلىنىش

ئانتونى ئۇ كۈنى كېچىسى ئەتىكى جەڭنى ئويلاپ ئۇخلىيالماي خېلىغىچە ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ياتتى، كېيىن ئازراق كۆزىنى يۇمۇپلا سۈبھى بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ:

—يېلو، يېلو، ئەمدى ماڭمىز، دەرھال ساۋۇت ـ دوبۇلغامنى ئەكەل! — دەپ ۋارقىرىدى.

—تۇرۇڭ ئۇخلىمىدىڭىز، يەنە بىر ئاز ئۇخلىۋېلىڭ! — دېدى كلېئوپاترا يالۋۇرۇپ.

شۇ ئارىدا يېلو ئالتۇندىن ياسالغان ئېغىر ساۋۇت ـ دوبۇلغىنى كۆتۈرۈپ كىردى.

—ئەكىردىڭمۇ؟ ياخشى، قېنى، ئەمسە كىيگۈزۈپ قوي!

—مەن ياردەملىشەي، مۇنداق كىيەمسىز؟ — كلېئوپاترا ئۇنىڭغا ياردەملەشمەكچى بولۇۋېدى، ئانوتنى ئۇنىمىدى:

—پادىشاھىم، سىز قول تىقماڭ، بۇ سىز قىلىدىغان ئىش ئەمەس، يېلو، نېمە قىلىۋاتىدىغانسەن، ماۋۇ تاسما بىلەن بىللە ماۋۇنى باغلىمامسەن!؟

—ئەكەل، يېلو، مەن باغلاپ قوياي، — كلېئوپاترا ئانتونىنىڭ تاسمىلىرىنى باغلاپ ئۇستىۋاشلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى.

—يېلو، سەنمۇ چىقىپ كىيىنىۋال، تاڭ يورۇپ كەتسە، ئۆلگۈرەلـمەي قالسەن.

—خوپ، جانابلىرى! — يېلو دەرھال ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

—يېلو ئەجەبمۇ دۆت نېمىكەنا! يەنىلا سىز قاملاشتۇردىڭىز، پادىشاـھىم. قاراپ تۇرۇڭ، بۈگۈن سىزگە ئۆزۈمنىڭ باتۇرلۇقمنى بىر كۆرسىتەـمەن! — ئانتونى سۆزلەۋېتىپ بېلىگە شەمشىرىنى ئاستى. كلېئوپاترا ئانتونىنىڭ جەسۇرانە قىياپىتىگە قاراپ سۆيۈنگەن ھالدا:

—ۋاھ، قالتىس غەيۇر بولۇپ كەتتىڭىز، خۇددى ئاسماندىن چۈشـكەن پالۋاندەكلا بۇ تۇرقىڭىزنىڭ ئالدىدا ئوكتاۋى جىندەك كۆرۈنەر — ھە! —دېدى.

شۇ چاغدا ساۋۇت ـ دوبۇلغا كىيگەن باش نۆكەر كىرىپ كەلدى. ئانتونى ئۇنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىگىنىچە سۆزلىدى:

—ھە، چاقىرغىلى كىردىڭىزمۇ، ياخشى، مەنمۇ تەق بولۇپ تۇرغان. مانا ھازىرلا ...

—ھازىر سەل بالدۇر بولسىمۇ، لېكىن مىڭ نۆكەر تەق بولۇپ

تالادا ساقلاپ تۇرىدۇ.

—شۇنداقمۇ؟ ھارمىغايسىلەر. ھە، ئىنوباباچۇ؟

—ئىنوبابا ھازىر ئاتنىڭ ئۈستىدە!

باش نۆكەر چىقىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەيلا تالادا ئالقىش سادالىرى ۋە كاناي - سۇناي ئاۋازى ئاڭلاندى.

—مەن ئەمسە ماڭاي، پادىشاھىم.

—سەردار ئانتونى …

ئىككىسى چىڭ قۇچاقلاشتى، ئاندىن ئانتونى ئۆيدىن چىقتى. كىيىنىپ تەق بولغان يىلو سىرتتا ئانتونىنىڭ نەيزىسىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئانتونى بۇ يەردە مىڭدىن ئوشۇق نۆكەرنىڭ تەق بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

—سالام، سەردار! — نۆكەرلەر ئانتونىغا تەڭلا سالام بەردى. ئانتونى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

—سالام، نۆكەرلەر! بۈگۈن ھاۋامۇ ناھايىتى ياخشى تۇرىدۇ. خەيرلىك ھاۋادا خەيرلىك ئىش قىلىش ئۈچۈن بالدۇر چىقىپسىلەر - دە!

—سالام، سەردار ئانتونى! — دېدى ئىنوبابا سەردارنىڭ ئالدىغا ئاتلىق كېلىپ.

—ھە، ئىنوبابا، بۈگۈن سېنىڭ كارامىتىڭنى كۆرىمەن، —ئانتونى مۇلازىمى يېتىلەپ كەلگەن ئاق ئاتقا مىنىپ، ئىنوبابا بىلەن ياندىشىپ ماڭدى. يىلو ۋە ئانتونىنىڭ نەيزىسىنى كۆتۈرگەن نۆكەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

—سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ، بالدۇرراق غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەيسىز، — دەپ ۋارقىرىدى كېنىزەكلىرى ئىبلو، جومىيانلار بىلەن ئوردا پەلەمپىيىدە تۇرغان ئايال پادىشاھ.

ئانتونى كەينىگە بۇرۇلۇپ پادىشاھقا قول پۇلاڭشىتىپ قويدى - دە، ئاندىن زور قوشۇنىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈش ئۈچۈن ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى.

تۇغچى ھەرخىل زىننەتلەنگەن لەشكىرىي تۇغ - ئەلمىنى ئېگىز





كۆتۈردى. كانايچىلار ئۇزۇن كانايلىرىنى كۆتۈرۈپ كۆچەپ چېلىشقا باش-لىدى. چوڭ قوشۇن ھەيۋەت بىلەن يولغا چىقتى.

—ۋاھ، نەقەدەر ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش!

—نېمىدېگەن جەڭگىۋار قوشۇن!

جۇميان بىلەن ئېلو ئانتونى باشلاپ كېتىۋاتقان لەكمىڭ - لەكمىڭ لەشكەرگە قاراپ ئاپىرىن ئوقۇپ كېتىشتى.

كۈن تېخى تولۇق يورۇپ كەتمىگەچكە، تاڭ سەھەرنىڭ سوغۇقى ئادەمنىڭ دولىسىنى سەل قورۇيتتى. شۇڭا كېنىزەكلەر:

—يۇرۇڭ، پادىشاھىم، ئوردىغا كىرىپ كېتەيلى، — دېدى، لېكىن كلېئوپاترا ئۇنىماي، كېتىۋاتقان قوشۇنغا قاراپ بويىنىنى سوزۇپ تۇرۇۋەر-دى. ئاخىر ئۇلار كۆزىدىن يوتكەندىن كېيىن، ئۇھ تارتىۋېتىپ مۇنداق دېدى:

—ئانتونىنىڭ قوشۇنى قالتىس خىل ئىكەن، ئۇلار چوقۇم يەڭگۈ-دەك. بۈگۈن ئاخشام ياكى ئەتە ئەتىگەندە چوقۇم غەلىبە خەۋىرى ئاڭلىغۇ-دەكمىز. توۋا، قارىمايدىغان، ئەتە مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، قوش مەرىكە ئۆتكۈزگۈدەكمىز! سەردار ئانتونى ئەتە كەچكىچە قايتىپ كەلسە، ھەم تۇغۇلغان كۈنۈمنى، ھەم غەلىبە - نۇسرىتىنى تەبرىكلەپ كاتتا بىر بەزمە ئۆتكۈزەيلى ۋېييەي، نېپىز كىيىنىۋاپتىكەنمەن، مۇزلاۋاتىمەن. يۇرۇڭلار، كىرىپ كېتەيلى، — ئايال پادىشاھ جاقىلداپ تىترىگىنىچە ئوردىغا يېتىپ كىردى. ئېلو دەرھال بىر يۇڭ كىيىمنى ئەپچىقىپ پادىشاھقا يېپىندۇرۇپ:

—ھەي، ھەرگىز زۇكام بولۇپ قالماڭ! — دېدى.

## ھەل قىلغۇچ جەڭ

ئوكتاۋى دېڭىزدا ئاسانلا غەلىبىگە ئېرىشۋالغاندىن كېيىن، ئەمدى ئانتونىنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى كۈچىنىمۇ يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن ئافىناغا، كىلىك-

ياغا ھۇجۇم قىلدى. كىلىكيا ئانتونى پېرسىيە ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلغان جاي ئىدى.

ئوكتاۋىنىڭ شۇ ھۇجۇملىرىدىن كېيىن، «ئانتونى قېچىپتۇ، ئوكتاۋى ھەممە يەرگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر جىمى ئىقلىمغا تارقالدى. ئانتونىغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا قارام بولۇپ ياشاۋاتقان شەرق ئەللىرىنىڭ پادىشاھلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەر گۇمان بولغان ھالدا:

—ئانتونىدەك داڭلىق سەركەردە ھېچقانداق جەڭدە يېڭىلىپ باقـمىغان قوشۇننى تـاشـلاپ قېچىپ كېتەرمۇ؟ جاھانــدا مۇنــداق ئىش بولماس، —دەپ غۇلغۇلا قىلىپ كېتىشتى، لېكىن ئىش ئۇلارنىڭ ئاڭلـغىنىدەك چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئانتونىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئوكتاۋىغا ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

دەل شۇ چاغدا گاندىيا ئانتونىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئەرەب تۈزلەڭلـكىدە ئەڭ ئاخىرقى جەڭگە تەييارلىنىۋاتاتتى. بىر كۈنى ئانتونى بىلەن ئېنوبابا مىڭدىن ئوشۇق نۆكەرنى باشلاپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. گاندىيا ئۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقتى.

—گاندىيا، —دېدى ئانتونى ئېتىدىن چۈشۈپ، —سېنىڭ ئالـدىڭدا مېنىڭ يۈزۈم قارا.

گاندىيا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى:

—لەشكەرلىرىمىز كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. يەھۇدىي پادىشاھنىڭ قوشۇنى ئاساسىي كۈچىمىز ئىدى، ئۇلارمۇ ئوكتاۋىغا ئەل بولدى. يەنە بىرنەچچە پادىشاھ لەشكەرلىرىنى باشلاپ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

ئانتونى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يەلكىسىنى قېقىپ تۇرۇپ كۆڭلىنى ياسىدى:

—ھېچقىسى يوق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقىنى كۆزلەپ شۇنداق قىلغان. ئۇلار كۆچلۈكلەرنىڭ پېشىگە ئېسىلىشنىلا بىلىدۇ. ئۇلار ئىشەنچىـسىزلا بولۇپ قالماستىن، يەنە كېرەكسىز نېمىلەر. بىز ئۇستۈنلۈككە ئېرىشسەك، ئۇلار يەنە ئالدىمىزغا سەجدە قىلىپ كېلىدۇ، بىر ھېسابتا

ئۇنداق كارغا يارىماسلارنى جىققىنا يىغىۋالغاندىن كۆرە، ئاز بولسىمۇ ئىشەنچىلىك ئادەملىرىمىز بىلەن جەڭ قىلغىنىمىز دۇرۇس.

بىراق، ئۇ ئىشەنچىلىك دېگەن شۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدىنمۇ ئوكتاۋىنغا تەسلىم بولۇپ كېتىۋاتقان تۇزكورلار خېلى چىقىۋاتاتتى.

گاندىيانىڭ بارگاھى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا قاراپ تۇرىدىغان بىر تۆپىلىككە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردىن ئالېكساندىرىيە پورتىنىمۇ، كىلىك-يادىن كېلىۋاتقان قوشۇنلارنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى.

— قاراڭ، دۈشمەن قوشۇنى ئاۋۇ يەرگە ئورۇنلاشتى. ئەمدى ئاۋۇ يەرگە قاراڭ، دېڭىز ئۇرۇشىدا ئامان قالغان كېمىلىرىمىز ھازىر ئاشۇ يەرگە يىغىلدى، ئۇرۇشقا كىرمەكچى!

— قېنى؟ قېنى؟

ئانتونى گاندىيا كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ئالېساندىرىيە پورتىنىڭ سىرتىدا بىرنەچچە يۈز كېمىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ۋاھ، بىزنىڭ كېمىلىرىمىز ئىكەن - دە، ئۇ! — ئانتونى ناھايىتى خۇشال بولۇپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز دېڭىز تەرەپتە ئوكتاۋىننىڭ ھەيۋەتلىك كېمىلىرى پەيدا بولۇپ قالدى، — ۋوي، دۈشمەن كېمىلىرى كېلىۋاتىدۇ!

ئانتونى، گاندىيا، ئېنوبابا ھەم ئانتونىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ چېدىردىن يۈگۈرۈپ كەلگەن سېكۇرالار تەڭلا جىددىيلىشىپ، نەپەسلىرىنى ئىچىگە يۇتقىنىچە ئىشنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزىتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلار قايسى تەرەپ ئاۋۋال جەڭ باشلاركىن دەپ قارىسا، ھېچ ئۇنداق ئىش يوق. كېمىلەر بارغانسېرى يېقىنلاشتى. كېيىن ئانتونىغا قاراشلىق كېمىلەر پالاقلارنى ئېگىز كۆتۈردى، دۈشمەن تەرەپمۇ شۇنداق قىلدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزئارا سالام بېرىشىۋاتقىنى ئىدى. كېيىن ئىككىلا تەرەپنىڭ كېمىلىرى قوشۇلۇپ ئالېكساندىرىيە پورتىغا قاراپ ماڭدى. مەلۇمكى، ئانتونىنىڭ كېمە-لىرى دۈشمەنگە تەسلىم بولغانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئانتونى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ لام - جىم دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا ئاتنىڭ تاراسلاپ چاپقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ بىر چاپارمەن

يېتىپ كەلدى ــــ دە، ئانتونىغا:

ــــ جانابى سەردار، ئاتلىق قىسملىرىمىزنىڭ ھەممىسى دۈشمەنگە تەسلىم بولدى، ــــ دەپ مەلۇمات بەردى.

ئەزەلدىن ئۆزىنى مەردانە تۇتۇپ كەلەن ئانتونى بۇ خەۋەردىن خۇددى بېشىغا بازغان تەگكەندەك خۇدىنى يوقىتىپ، ئوتلاقتا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئەلەم ۋە ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭدىكى غەيرەت ـ شىجائەتنى يوق قىلىۋەتكەنىدى.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قول ئاستىدىكىلىرىگە سۆز قىلدى:

ــــ قارىغاندا ئامەت مەندىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈپتۇ. ھەر قايسىڭلار ئۆزۈڭلاردىن بۇيان مەن بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولغانىدىڭلار، سىلەرنى ئاخىر مۇشۇ كۈنگە قويغانلىقىمغا ئالدىڭلاردا خىجىلمەن، بولدى، ئەمدى مېنىڭ غېمىمنى يېمەڭلار، سىلەرگىمۇ ھاياتلىق كېرەك. ئوكتاۋىنىڭ خىزمىتىدە بولۇڭلار!

لېكىن بۇ يەردىكىلەرنىڭ بىرىمۇ ئوكتاۋىنىڭ ئالدىغا بېرىشنى خالىـ ـمايتتى. ئۇلار كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىشتى، بىراق ھېچقايسىسى جايىدىن قوزغالمىدى. بىرئازدىن كېيىن يەنە بىر خەۋەرچى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ئوكتاۋىنىڭ ئانتونىغا جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

ــــ خوپ! بولىدۇ ئەمىسە، ــــ ئانتونى ئورنىدىن غاچچىدە تۇردى. گاندىيا:

ــــ جەڭگە ھازىرلان! ــــ دەپ بىر توۋلىۋېدى، ھەش ـ پەش دېگۈچە ھەممە لەشكەر سەپكە تىزىلدى.

بىرنەچچە كۈن ئاۋۋال ئىككى تەرەپنىڭ لەشكىرى كۈچى ئاساسەن تەڭ ئىدى، لېكىن بىرنەچچە كۈندىن بېرى تەسلىم بولۇش ۋەقەلىرى كۆپىيىپ كەتكەچكە، ئانتونىنىڭ لەشكەرلىرى دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ ئوندىن بىرىچىلىكىمۇ قالمىغانىدى، بىراق ئۇلار ئانتونىغا سادىق، جەڭگىۋار، باتۇر ئىدى. قانخور دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشالايتتى.

جەڭ چۈشتىن تارتىپ باشلاندى. ئانتونىنىڭ جەڭگە چىققانلىقىنى





ئاگىلىغان ئوكتاۋى دەسلەپتىلا ئەڭ خىل قوشۇننى ھۇجۇمغا ئۆتكۈزدى، لېكىن ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇنىڭ ئەڭ قابىل سەركەدىلىرىدىن دوروھېيلا بىلەن كارا گانىديانىڭ ئاتقان ئوقىدىن يەر چىشلىدى. بۇنى كۆرۈپ دۈشمەن قوشۇنى پاتپاراق بولۇپ كەتتى. شۇ پۇرسەتتە گانديا ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە كېلىپ دۈشمەنلەرنى قىرغىن قىلدى. ئېنوباباڭمۇ ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۇچۇرغان دۈشمەننى ئۇر ـ چاپ قىلدى. ئانتونى:

—پىلو، ئەكەل نەيزىنى! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە، پىلونىڭ قولىدىن نەيزىنى ئالدى ـ دە، دۈشمەن ئۈستىگە يوپۇرۇلۇپ ماڭدى. ئۇ ئوكتاۋىنى ئۆلتۈرۈپ ئەنتىنى ئالماقچىدى، لېكىن ئوكتاۋى ۋاقتىدىلا ئۆزىنى لەشكەرلىرىنىڭ دالدىسىغا ئالدى.

—ئوكتاۋى مەرت بولساڭ مەيدانغا چىق! ھەي، ئوكتاۋى دېگەن قورقۇنچاق، نەگە مۆكۈۋالدىڭ! — ئانتونى ئۇياق ـ بۇياققا ئات چاپتۇرۇپ ئوكتاۋىنىڭ قارىسىنىمۇ تاپالمىدى.

دۈشمەننىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى ئۇزۇلمەي كېلىپ كۆچ جەھەتتە بىردەمدىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئانتونىنىڭ لەشكەلىرىنى قاتمۇ قات مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى، شۇ ئارىدا پىلو كېلىپ ئانتونىغا گانديانىڭ قۇربان بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئېنوباباڭنىڭ ئەسىرگە چۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ ئانتونى قولىدىكى قانلىق نەيزىنى تاشلىۋەتتى:

پىلو، ئەمدى يېڭىلىشىمىز مۇقەررەرلەشتى، تەقدىر مېنى يەكلەپتۇ، ئەمدى قانچە جان تالاشساقمۇ بىكار. مەن ھازىر ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈمەن، مەن ئۆلگەندىن كېيىن سەن كاللامنى كېسىۋېلىپ ئايال پادىشاھقا ئاپىرىپ بەر، — دېدى ـ دە، خەنجىرىنى چىقىرىپ مەيدىسىگە ئۇرماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا سىگۇرا ئانتونىنىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى.

—سەردار، —دېدى ئۇ، — ھەرگىز مۇنداق ئىشنى قىلماڭ. ۋەزىيەت قولدىن كەتكەن بولسا، ۋاقتىنچە جاننى دالدىغا ئېلىپ تۇرغۇلۇق. كېيىن پۇرسەت كەلگەندە يەنە باش كۆتۈرۈپ چىقمىز ئەمەسمۇ! — ئاندىن ئۇ پىلوغا دېدى، — يۈر، دۈشمەن مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتەيلى.

شۇ چاغدا دۈشمەننىڭ بىر سەركەردىسى ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋېدى، سىگۇرا ئۇنى بىرلا ئوق بىلەن ئاتتىن دۈملىتىۋەتتى. شۇ پۇرسەتتە ئۇلار دۈشمەن مۇھاسىرىسىنى يېرىپ ئۆتۈپ كەتتى.

قارا تەرگە چۆمگەن ئانتونى بىلەن سىگۇرالار توپا ـ چاڭ باسقان ھالەتتە ئالېكساندىرىيە شەھىرىگە قېچىپ كىرگەندە، ئوكتاۋىنىڭ قوشۇنلىرى شەھەر خەندىكىنىڭ بويىغا يېتىپ كەلگەنىدى. ئانتونىنىڭ نۆكەرلىرى دەرھال كۆۋرۈكنى كۆيدۈرۈۋەتتى، دەريادىكى كېمىلەرنىڭ ھەممىنى قىرغاققا ئەپچىقىۋالدى ۋە قىرغاققا پالاخمانىنى قۇرۇپ تەييار قىلدى. ئۇلار سىگۇرانىڭ قوماندانلىقىدا ئەڭ ئاخىرقى بىر مەيدان ھايات ـ ماماتلىق جەڭگە ھازىرلانغانىدى.

## دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى

ئۇزۇن ئۆتمەي، رىمدىن ئېنوبابانىڭ تەسلىم بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئالېكساندىرىيىگە يېتىپ كەلدى. ئوكتاۋى قوشۇنلىرىنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغان ئانتونىنىڭ ئادەملىرى بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەزەپلەندى، لېكىن ئانتونى ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

—ئېنوبابا تاكى ئاخىرقى پەيتكىچە ماڭا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلدى. مېنىڭ ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىم باركى، نارازىلىقىم يوق. ئۇ مەن ئۈچۈن شۇنچە ئىشلەپ راھەت كۆرەلمىدى. شۇڭا ئوكتاۋىنىڭ قېشىدا بولسىمۇ خاتىرجەم كۈن كۆرسۇن. ئەگەر بۇ يەردە ئېنوبابانىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى بولسا، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ يەتكۈزۈپ بېرىڭلار!

ئانتونىنىڭ بۇ مەردانىلىقىدىن ھەمراھلىرى قاتتىق تەسىرلەندى. شۇنداق قىلىپ ئېنوبابانىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى ئالېكساندىرىيىدىن ئوكتاۋىنىڭ بارگاھىغا يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان بولدى.

ئەسىرگە چۈشكەن ئىنوبابا ئاكىلىبانىڭ كېيى بىلەن ئوكتاۋى تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇپ ھازىرغىچە قاتتىق ۋىجدان ئازابى ئىچىدە ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاكىلىبانىڭ سىگىلىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قويغان، شۇڭا ئاكىلىبامۇ ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان.

بىر كۈنى بىر لەشكەر يوكتاق ئارتىلغان ئاتنى يېتىلەپ كېلىپ:

—ئىنوبابا! ئانتو نەرسە - كېرەكلىرىڭنى ئەۋەتىپتۇ، —دېدى.

—ماڭا ئۇ نەرسىلەرنىڭ كېرىكى يوق. ھەممىنى ئۆزۈڭ ئەپكەت، — دېدى ئىنوبابا ۋە ئۇ نەرسە - كېرەكلەرنى ئەكەلگۈچىگە بېرىۋەتتى.

«ئاھ، سەردار ئانتونى، — دېدى ئىنوبابا بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە قاتتىق ئىزتىراپ چېكىپ، — سىز نېمىدېگەن كەڭ قورساق. مەن دۈشمەنگە تەسلىم بولسامۇ، يەنە سىز مېنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىمنى ئەۋەتىپسىز. مەن ئەمدى ئۆلەيمۇ، ئۆچەيمۇ؟ مەن سىزگە قانداقمۇ دۈشمەنلىك قىلالارمەن، قانداقمۇ سىزگە قارىتىپ ئوق ئۈزەلەرمەن؟!»

ئۇ ئۆز - ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغاندا جاكارچىنىڭ يەتكۈزگەن بۇيرۇقى ئاڭلاندى:

—بۈگۈن كېچە سائەت ئىككىدە جەڭگە ئاتلىنىمىز. خەندەكتىن دەرھال بۆسۈپ ئۆتۈپ ئالېكساندرىيىنى ئالىمىز. ھەممىڭلار تېز تەييارلىق قىلىڭلار!

ئىنوبابا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئورنىدىن ئاستا تۇردى. بۇ چاغدا قوياش ئولتۇرغاندى. ئۇ خەندەك بويىغا كېلىپ ئانتونى تۇرۇۋاتقان مىسىر ئوردىسىغا قارىدى. ئوردا كۆكۈم قويىدىمۇ كۆزگە ھەيۋەتلىك تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئىندا قىلغان ھالدا: «مەن ئىنوبابا ئۆلسەممۇ سىزگە قارشى جەڭ قىلمايمەن، سەردار ئانوتنى، خوش، ئەلۋىدا!» دېدى - دە، شالاققىدە قان قۇسۇپ يەرگە يىقىلدى.

ئوكتاۋىنىڭ نۆكەرلىرى يۈگۈرۈپ كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ تىنىقى ئارانلا قالغاندى. نۆكەرلەرنىڭ بىرى ئېڭىشىپ تۇرۇپ:

—نېمە بولدىڭىز؟ كېسەل بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىۋې-

ـدى، ئېنوبابادىن جاۋاب كەلمىدى. ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ تۇرغان بىر نۆكەر تۇيۇقسىزلا:

ــــ ھوي، بۇ بىزگە تەسلىم بولغان ئېنوباباغۇ! ؟ بۇ ئاكىلىبانىڭ يېقىن ئاغىنىسى، ــــ دېدى.

ــــ شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە دەرھال ئاكىلىباغا مەلۇم قىلايلى، ــــ دېيىشـ ـتى. باشقىلار.

ئاكىلىبا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى ـ دە:

ــــ ۋاي، ئېنوبابا، نېمە بولغانسەن؟! ــــ دېگىنىچە ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى. لېكىن، بۇ چاغدا ئېنوبابا جان ئۈزۈپ بولغانىدى، ــــ ئۇ زەھەر يەۋاپتۇ. ئۇنى كۆتۈرۈپ بارگاھقا ئاپىرىڭلار، ــــ دېدى ئۇ. كېيىن ئۇ ئاغىنىسىنىڭ جەسىتىنى ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەرلىكتە قويدى.

شۇ كېچىسى سائەت ئىككىدە ئوكتاۋى قوشۇنلىرى خەندەكتىن ئۆتۈپ ئالېكساندرىيىنى ئىگىلەش ئۈچۈن قاتتىق ھۇجۇم باشلىدى. كېمىـ لەردىن ئاتقان توپ ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدىن ئالېكساندىرىيە شەھىرى لەرزىگە كەلدى. ئانتونى سكۇرا بىلەن بىللە دەرھال شەھەر مۇداپىئەسىگە قوماندانلىق قىلدى. ئۇلار شىددەتلىك جەڭ قىلىپ سەھەردە ئوكتاۋى قوشۇنلىرىنى بىر چاقىرىمچە كەينىگە چېكىندۈرۈپ ئاخىر قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. ئەگەر ئانتونىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتى بولغان بولسا، ئۇ قاچقان دۈشمەننىقوغلاپ چىققان يېرىگە كىرگۈزۈۋەتكەن بولاتتى. لېكىن قوشۇندا ئۆلۈم ـ يېتىم ۋە تەسلىم بولۇش ئەھۋاللىرى ئېغىر بولغاچقا، ئۇنچىلىك قۇدرەت قالمىغانىدى، شۇڭا ئۇ دۈشمەننى قوغلاپ كېتىۋاتقان لەشكەرلىرىنى توستى.

ــــ بولدى، ئەمدى مۇشۇنچىلىك بولسۇن، قوغلىماڭلار، ھېلىمۇ مۇشۇ غەلىبىمىزگە شۈكرى. قايتىپ بېرىپ غەلىبە شارابى ئىچەيلى، ــــ دېدى ـ دە، بىر قىسىم لەشكەرلىرىنى مۇداپىئەگە قالدۇرۇپ، قالغانلىرىنى شەھەرگە ئەكىرىپ كەتتى.

ــــ جانابى سەردار، بۈگۈن قالتىس پۇختا چىققۇدەك جەڭ قىلـ

دۇق جۇمۇ! ــــ دېدى سېگۇرا ئانتونىغا يېقىن كېلىپ.

ـــسىگۇرا، يارىلىنىپسەنغۇ، نېمىدېگەن جىق قان بۇ؟!

ـــئازراق يارىلاندىم، كارايىتى چاغلىق، ـــئۇ چاقچاق قىلىپ مۇنداق دېگىنى بىلەن، خېلىلا ئېغىر يارىلانغانىدى.

ـــھەممىڭلار جاپا چەكتىڭلار. ئۇبدان ئارام ئېلىۋېلىڭلار. ئەتە ئۇ لەنتىلەرنى بۇ شەرق مەملىكىتىگە يېقىن يولىماس قىلىۋېتەيلى، ـــدېدى ئانتونى لەشكەرلىرىگە.

ئانتونىنىڭ لەشكەرلىرى بۇ جەڭدە غەلىبە قىلغىنى بىلەن، لېكىن ھەممىسىلا يارىلانغانىدى. ئۇلار پۇتلىرىنى سۆرىشىپ ئوردا مەيدانىغا كەلـ ـدى. ئايال پادىشاھ كلېئوپاترا ۋەزىر ـ ۋۇزرا ھەم يېقىن مەھرەملىرى بىلەن دەرۋازىدا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى. كلېئوپاترا ئانتونىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشتى.

ـــئاھ، ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى، باتۇرلارنىڭ باتۇرى! ساق ـ سالا ـ مەت قايتىپ كەپسىز. چىرايىڭىزدىكى كۈلكىگە قارىغاندا چوقۇم غەلىبە قىپسىز، شۇنداقمۇ؟

ـــھەم! دۇشمەننى چېكىندۈردۇق. پادىشاھىم، بۈگۈنكى غەلىبە سىگۇراغا مەنسۇپ، ئۇنىڭ قولىڭىزنى سۆيۈپ قويۇشىغا رۇخسەت قىلىڭ!

كلېئوپاترا سىگۇراغا قولىنى سۆيدۈرۈپ:

ـــمەن قەدىمكى مىسىر پادىشاھى كىيگەن ئالتۇن ساۋۇتنى ساڭا تارتۇق قىلىمەن! ـــدېدى.

ـــتوغرا دېدىڭىز، ـــ دېدى ئانتونى، ـــ ئۇ دەل شۇنىڭغا مۇناسىپ، يەنە ئۇنىڭ يارىسىنىمۇ تاڭدۇرۇپ قويۇڭ.

ئوردا تېۋىپلىرى سىگۇرا، يىلولارغا ئوخشاش يارىلانغانلارنىڭ يارىـ سىنى تېڭىش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ كېتىشتى.

ـــئەتە دۇشمەن يەنە ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ. سىگۇرا، سەن ئۇبدان داۋالان! ياراڭ تولۇق ساقايغاندا جەڭگە چىقارسەن. مانا، ئەتىكى جەڭنىڭ بېشىدا ئۆزۈم تۇرىمەن ...

سىگۇرا ئانتونىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ بېشىنى چايقىدى:

—ياق، تايىنلىق يارىغۇ بۇ، بۈگۈن كېچە ئوبدان ئۇخلىۋالساملا، ئەسلىمگە كېلىمەن، يارامۇ ساقىيىدۇ. يەنىلا جەڭنىڭ بېشىدا ئۆزۈم تۇراي!

## ● ئايال پادىشاھنىڭ قالغان كۆڭلى ●

مىسىر ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزىنىڭلا غېمىدە يۈرۈيدىغان يارامسىز ئادەملەر ئىدى. ئوكتاۋى بۇ ئەمەلدارلارغا پارە بېرىپ سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار ئايال پادىشاھنى ئوكتاۋىغا ئەل بولۇشقا كۈشكۈرتتى.

—ئالىيلىرىغا پەقەت مۇشۇ بىرلا يول قالدى، — دېيىشتى بەزىلەر، — ئوكتاۋىنىڭ يېڭىشى، ئانتونىنىڭ يېڭىلىشى مۇقەررەرلىشىپ قالدى. روشەنكى، ئانتونىغا تايىنىش ھالاكەتتىن، ئوكتاۋىغا بېقىنىش نىجاتلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. تۆت مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بۈيۈك مىسىر مەملىكىتى ئالىيلىرىنىڭ قولىدا ھالەك بولۇپ كەتسە، سىلى قانداقمۇ ئەجدادلىرىمىزغا يۈز كېلەلەيدىلا؟

ئايال پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىككىلىنىپ قالدى ۋە ئوكتاۋىنىڭ مەخپىي ئەلچىسىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

—ئەگەر ئوكتاۋى مىسىرنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشقا قوشۇلسا، مەن ئۇنىڭغا بېقىنىشىم مۇمكىن، — دېدى. لېكىن، ئۇ بۇ گەپنى دەپ بولۇپ يەنە ئارىسالدى بولدى. چۈنكى ئۇ، ئوكتاۋى ئۇرۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن ئايال پادىشاھنى رىمغا ئەكەتكۈدەك؛ رىم خەلقى ئايال پادىشاھنى قەپەزگە سېلىپ سازايى قىلىمىز دەپتۇ. دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ يەنە بىر مەخپىي ئەلچىنى چاقىرىپ، — مەن ھەرگىز رىمغا بارمايمەن. بۇنى ئوكتاۋىغا ئېنىق ئېيتىپ قوي، — دېدى.

ئەتىسى ئوكتاۋىنىڭ قوشۇنلىرى يەنە يېڭىۋاشتىن ھۇجۇم قىلىپ شەھەر خەندىكىنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۈچ – تۆت كۈن داۋام قىلغان شىددەتلىك جەڭلەردە ئانتونىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ تولىسى ئۆلدى ۋە ياردىلاندى. ياردەمگە كېلىدىغان لەشكەر بولمىغاچقا، شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ناھايىتى قىيىنلاشتى. قارىغاندا ئۆلار ئىككى – ئۈچ كۈنلا بەرداشلىق بېرەلەيتتى. ئالتىنچى كۈنىگە كەلگەندە سىگۇرا جىق قانسىراپ كەتكەچكە ئاخىر ئۆلۈپ كەتتى. ئانتونى سىگۇرانىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ قاتتىق يىغلىدى. ئۇنىڭ ئۆز تېنىنىڭمۇ ساق يېرى قالمىغانىدى. ئۇ يېلونى چاقىرىپ دېدى:

—مۇداپىئە جېڭىمىز ئەمدى مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. بىز تۈگەشتۇق. سەن بېرىپ بۇ گېپىمنى پادىشاھقا يەتكۈز.

يېلو بۇ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئوردىغا كەتتى. ئارىدا مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ئانوتنىغا مەلۇمات بەردى:

—جانابى سەردار، پادىشاھ يوق ئىكەن!

—نېمە؟ يوق ئىكەن؟ نەگە كېتىپتۇ؟

—ئىشقىلىپ ئوردىدا يوق.

—قېچىپتىمۇ؟

—ئوكتاۋىغا تەسلىم بوپتۇ دېگەن گەپلەرمۇ بار. ساراي ئەھلىمۇ پاتپاراقچىلىق ئىچىدە ئىكەن.

—نېمە؟ تەسلىم بوپتۇ؟ ... — ئانتونى غەزەپلەنگەنلىكىدىن پوكاندەك قىزارغان ھالدا يېلونى ئەگەشتۈرۈپ ئوردىغا ماڭدى.

ئايال پادىشاھ ئوردىدا ھەقىقەتەن يوق بولسىمۇ، لېكىن ھەم قاچمىغان، ھەم ئوكتاۋىغا تەسلىم بولمىغانىدى. ئۇ بۇرۇن پېش ئىبادەتخانىسىنىڭ يېنىغا بىر مۇنار سالدۇرغان. بۇ مۇنار چوڭ بولمىغىنى بىلەن قورغاندەك مۇستەھكەم ئىدى، ئىچىدە ئالتۇن – كۈمۈش، جاۋاھىرىيات پىل چىشى دېگەندەك قىممەتلىك بويۇملار، يەنە چىگە، ياغاچقا ئوخشاش مەشئەل قىلىشقا كېرەكلىك نەرسىلەرمۇ بار ئىدى. ئەسلىدىمۇ ئۇ بۇ مۇنارنى بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە يوشۇرۇنۇۋېلىش ئۈچۈن سالدۇر-

غان. مانا بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئانتوننىڭ تۈگەشكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئوكتاۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ رىمدا سازايى قىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىككى كېنىزىكىنى ئېلىپ بۇ يەرگە كىرىۋالغانىدى. ئۇ ئۈچىگە ماديان تاماق توشۇپ بېرەتتى.

كەچتە ماديان تاماقنى كۆتۈرۈپ، غال ـ غال تىترىگەن ھالدا كىردى. ئېلو ئۇنىڭ ھالىتىگە قاراپ چۆچىگىنىچە:

— نېمە بولدۇڭ، ماديان؟ چىرايىڭ بۆلەكچىلىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھازىر سەردار ئانتونى پادىشاھىمىزنى ئىزدەپ خاپا بولۇپ يۈرىدۇ.

— سەردار ئانتونغا؟ ۋېيەي، قانداق قىلارمىز، پادىشاھىم؟

پادىشاھنىڭ چىرايى بىردەمدىلا تاتىرىپ كەتتى.

— ماديان، — دېدى ئۇ، — سەن بېرىپ ئانتونىغا، پادىشاھ ئۆزىنى مۇشۇ مۇناردا ئۆلتۈرۈۋاپتۇ دېگىن. ئۇ بۇ سۆزنى ئاڭلىسا، دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىدۇ. ھەرقانچە ئاچچىقى كەلگەن ئادەممۇ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىسا ئاچچىقىدىن يانىدۇ. بەلكى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىدۇ.

— خوپ پادىشاھىم! — ماديان ئالدىراپ ئۇردىغا ماڭدى.

ئوردىنىڭ ئىچى تىپتىنچ، ئوتنىڭ ئالدىدا بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغان ئانتونى بىلەن يىلودىن باشقا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. يىراقتىن دۈشمەننىڭ چوقان ـ سۈرەنلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— لەشكەرلىرىمىزنىڭ قارشىلىقى ئەمدى بىر يەرگە باردى.

— ھەئە، شۇنداقراق.

— مەنمۇ ئەمدى بىر يەرگە باردىم، يىلو. شۇنداقتىمۇ پۇشايمىنىم يوق، ھەرھالدا ئاخىرقى كۈچۈمگىچە جەڭ قىلدىم. ئەمدى پۈتۈنلەي تۈگىدى.

— سەردار، ئۈنچىۋالا ئۈمىدسىز بولۇپ كەتمەڭ. بىر ئامال قىلىپ جېنىمىزنى دالدىغا ئېلىپ تۇرايلى، كېيىن سىزگە ئەگەشكەنلار يەنە چىقىدۇ.

— بەلكىم شۇنداقمۇ بولار، يىلو، بىراق مېنىڭ مىسىردىن كەتكۈم يوق.



ـــ نېمىشقا؟
ـــ بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئېشقىلىپ مىسىر تۈگەشتى، مەنمۇ تۈگىشەي دەيمەن.
ئۇلار مۇشۇنداق سۆزلىشىۋاتقاندا ماديان كىردى.
ـــ ماديان، بۇ يەردە تىمىسقىلاپ يۈرىسەنغۇ، پۇلغا يارىغۇدەك بىرەر نەرسە چىقىپ قالارمىكىن دەمسەنىيا؟ ـــ دېدى پىلو تەنە قىلىپ.
ـــ ياق،مەن سەردار ئانتونىنى ئىزدەپ كەلدىم، ـــ دېدى ماديان.
ـــ مېنىڭمۇ؟ مېنى نېمىگە ئىزدەيسەن؟ ـــ دېدى ئانتونى مادياننىڭ چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ.
ـــ ياڭالا، ھەر نېمە بولسا سىزنى تاپتىم. جانابىلىرىغا يەتكۈزىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى.
ـــ نېمە ئىش دېمەكچىسەن؟
ـــ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئىشى.
ـــ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ؟ ئۇ ئۆلۈمدىن قورقۇپ دۈشمەنگە تەسلىم بوپتىكەنغۇ؟
ـــ ياق، ئۇنداق ئەمەس.
ئەمىسە ئۇ ھەممىدىن پەشنى قېقىپ كېتىش ئەلا دەپ بىر يەرگە قېچىپ كەتتى، شۇنداقمۇ؟
ـــ ياق، ئۇنداقمۇ ئەمەس.
ـــ ئەمىسە ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟
ـــ پادىشاھ ئالىيلىرى سەردار جانابىلىرىنىڭ جىق غېمىنى يېگەن، سىزنى بىر كۆرۈۋالسام دەپ جىق ئارمان قىلغان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ شۇ ئارمىنىغىمۇ يېتەلمىدى.
ماديان ئۇستا ئارتىس بولغاچقا، كىشىلەرنى كۈلدۈرۈشكىمۇ، يىغلىتىشقىمۇ ماھىر ئىدى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ كۆزىگە ياش ئالدى، ھەتتا ئاخىرىدا ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلىۋەتتى.
ـــ ۋاي، نېمىشقا يىغلايسەن؟ دېگىنە، پادىشاھقا نېمە ئىش بولدى؟ يىغلىماي گەپ قىلساڭچۇ؟!

—ئۇنى ئەمدى ئىزدەپمۇ تاپالمايسىز، ئۇ يوق!

—ئۇنى ئۆلدى دېمەكچىمۇ سەن، ھە؟

—ھەئە، شۇنداق، ئۇ بۇ جاھاندىن خوشلاشتى، —مادىيان تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلىدى.

—ئۇ ... ئۇ ئۆلدىما؟ قانداقلارچە؟ قانداق قىلىپ؟

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئانتونىنىڭ كلېئوپاتراغا بولغان گۇمان، ئاغرىنىشلىرى بىردەمدىلا يوقاپ كەتتى. مادىيان ئۇنىڭ زورلىشى بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

—ئۇ ئوكتاۋىنىڭ قولىغا چۈشۈپ خورلۇققا ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن بېش ئىبادەتخانىسىنىڭ يېنىدىكى مۇنارغا بېرىۋالغان ئانتونىنىڭ خوتۇنى دېگەن ئاتاققا مۇناسىپ ھالدا ئۆلەي دەپ ئاشۇنداق قىپتۇ.

—ئۆلۈۋاپتۇ؟

—ھەئە، خەنجەر بىلەن مۇشۇ يەرگە ... — ئۇ مەيدىسىنى كۆرسىتىپ، قايغۇ بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھەي، پادىشاھىمىز ئالدىراپ كېتىپتۇ. سىزنى قۇربان بوپتۇ دەپ ئاڭلاپ چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان گەپ. سەل تەخىر قىلىپ تۇرسا بولماسمىدى ... سىز مانا ساق - سالامەت ئىكەنسىز ئەمەسمۇ! يەن ھېلىقى بىچارە كېنىزەكلەر - ئېلو بىلەن جومىيان ئىككىسىمۇ ...

—ئۇلارمۇ ئۆلۈۋاپتىمۇ؟

—ھەئە، ئىككىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۆكەپتۇ. مەن كېچىكىپ بېرىپتىمەن. بولمىسا، مۇنداق ئازاب چېكىپ يۈرگۈچە مەنمۇ ئۆلۈۋالماسمىدىم! ئاھ، تەڭرىم! — مادىيان بۇ ئويۇننى شۇنداق قاملاشتۇرۇۋەتتىكى، خۇددى راستىنلا ئۆزىنى تۇتالماي، يۈرەك - باغرى ئېزىلىپ ھازا ئاچقىنىچە ئۇردىدىن چىقىپ كەتتى.

# ● نۇرلۇق يۇلتۇزنىڭ ئۇچۇشى ●

ئانتونى پادىشاھ كلېئوپاترا ئۆلدى دېگەن ئۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جېنى چىقىپ كەتكەندەك ساڭپىيىپلا قالدى.

—كەل، يېلو، — دېدى ئۇ يېلوغا كەينىنى قىلىپ، — ساۋۇتلىرىمنى سېلىۋېتەي.

—دۈشمەن كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، ھازىر سېلىۋەتسىڭىز بولارمۇ؟

—يېلو ساۋۇتنىڭ تاسمىلىرىنى يەشكەچ ئەنسىرەپ سورىدى.

—بولىدۇ، تېزرەك بول، ئەمدى مەن سەردار ئەمەس.

—بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

—ۋۇجۇدۇمدا قىلچە جەڭگىۋارلىق قالمىدى. شۇ تاپتا ئەڭ يارامسىز ياۋغىمۇ تەڭ كېلەلىگۇدەك جۈرئەت قالمىدى مەندە! — ئانتونى لەسسىدە ئولتۇرۇپ قېلىپ، يەنە مۇنداق دېدى، — كلېئوپاترا خوتۇن كىشى تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىپتۇ. مەنچۇ؟ مەندە شۇنچىلىك جۈرئەتمۇ يوق. يېلو، ئۆز ۋاقتىدا مەن ساڭا، دېگەن، ئەگەر دۈشمەنگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالسام، دەرھال مېنى ئۆلتۈرۈۋەت دەپ. ئېسىڭدىمۇ؟

—ئېسىمدە.

—ھە، ئۇنداق بولسا، قول سال. مانا شۇ پەيت يېتىپ كەلدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن يېلو غال - غال تىترىگىنىچە كەينىگە داجىدى.

ۋاي تەڭرىم، نېمە دەۋاتىدىغانسىز، سىزنى ئۆلتۈرۈشكە قانداقمۇ قولۇم بارسۇن؟

ئانتونى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ يېلوغا ھومايغىنىچە ۋارقىرىدى:

—يېلو، دۈشمەن مېنى ئەسىرگە ئالسا، پۇت - قوللىرىمنى باغلاپ ھارۋىغا سېلىپ رىم كوچىلىرىدا سازايى قىلسا، ماقۇل دەمسەن؟ مەن شۇنداق خورلۇققا قالسام يۈرىكىڭ چىدامدۇ؟

—ياق، ياق، ھەرگىز يۈرىكىم چىدىمايدۇ ...
—ھە، ئەمىسە، قول سال، خەنجەرنى گاچچىدە تىق، ئالدىمدا ئانتونى ئەمەس، دۈشمەن تۇرىدۇ دەپ تىق. بول چاپسان، خەنجىرىڭنى چىقار!
—ۋاي، سىز ...
—بول دەيمەن! ئەمدى بولمىساڭ، سېنىڭ ماڭا بولغان ساداقىتىڭنى يالغان ئىكەن دەيمەن.
ئەمدى پۈتۈنلەي ئامالسىز قالغان يېلو كۆزىنى يۇمۇپ خەنجىرىنى چىقاردى.
—ياخشى، ئەمدى خەنجەرنى ئۇدۇل يۈرىكىمگە سال!
—ماقۇل، مەن سالاي، ئىگەم! لېكىن ئاۋۋال سىز بىلەن خوشلىشىۋالاي.
—ماقۇل، يېلو، خوش، ئەمىسە، ئەلۋىدا!
—ئەلۋىدا، سەردار.
ئانتونى مەيدىسىنى كەرگىنىچە يېلونىڭ خەنجەر تىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋېدى، يېلو خەنجەرنى تۇتۇپ خۇددى ئانتونىغا تىقىدىغاندەك ئەلپازدا يۈگۈرۈپ كېلىپ، تۇيۇقسىزلا گاچچىدە قىلىپ ئۆزىنىڭ مەيدىسىگە ئۇردى.
—يېلو! — دەپ يۈگۈرگىنىچە ئانتونى يېلونى قۇچاقلىۋالدى. ئەپسۇس، خەنجەر دەل يۈرەككىلا تەگكەنىدى.
—ئاھ، باتۇر يېلو، سەن مەندىنمۇ ئۇلۇغ ئىكەنسەن! ئايال پادىشاھمۇ، سەنمۇ ماڭا نەمۇنە ياراتتىڭلار! مەنمۇ باراي يېنىڭلارغا!
ئانتونى دەرھال خەنجەرنى چىقىرىپ مەيدىسىگە سالدى — دە، گۈپپىدە يىقىلدى، لېكىن خەنجەر نەق ئەجەللىك يەرگە تەگمىگەچكە، جېنى چىقمىدى. ئۇنىڭ قاقشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ نۆكەرلەر يۈگۈرۈپ كېلىشتى.
—ۋاي، بۇ ...
—ئاھ، بۇ نۇرلۇق يۇلتۇز ئاخىر ئۆچۈپتۇ — دە!
—ئىسىت بىچارە! ...

ئانتونى ئەتراپىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي تىڭرقاپ تۇرغان نۆكەرلەر-گە قاراپ:

—مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، جېنىم بەك قىينىلىپ كەتتى، —دەپ يالۋۇردى، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭغا قول سېلىشقا پېتىنالمىدى. شۇ ئارىدا بىرەيلەن، ئوكتاۋىغا خىزمەت كۆرسەتكۈسى كەلدى بولغاي:

—دەرھال بېرىپ ئوكتاۋىغا مەلۇم قىلايلى، — دەپ قالدى. بۇنى ئاڭلاپ ئانتونى، ئاپلا، جېنىم چىقمىسا، خورلۇققا قالىدىغان بولدۇم — دە، دەپ ئويلىدى. بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ يۈرىكى قارتتىدە قىلغان ماديان دەرھال مۇنارغا قاراپ يۈگۈردى ۋە ئانتونىنىڭ كلېئوپاترا ئۆلدى دېگەن سۆزىگە ئىشىنىپ قېلىپ ئۆزىگە پىچاق سالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ناھايىتى پۇشايمان قىلدى.

—دەرھال بېرىپ سەردار ئانتونىنى يۆلەپ كەل. ئەگەر ئۇنى تىرىك ئەكېلەلمىسەڭ، جېنىڭنى ئالىمەن! —دەپ زەردە بىلەن بۇيرۇق قىلدى ئۇ.

ماديان بىرنەچچە نۆكەرنى ئېلىپ ئانتونى ياتقان يەرگە باردى — دە، ئۇنى ئۇلاش — چولاش كۆتۈرۈپ مۇنارغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا پادىشاھ كېنىزىكى جۇميان بىلەن بىللە مۇنار پەنجىرىسىدىن ئۇلارنىڭ يولىغا تاقەتسىزلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇلار مۇنار تۈۋىگە كەلگەندە ئانتونى بېشىنى زادىلا كۆتۈرەلمىدى. بۇنى كۆرۈپ كلېئوپاترا تەشۋىشلەنـ-گەن ھالدا ۋارقىرىدى:

—ھەي، ئۇ ھاياتمۇ؟

—ئەھۋالى بەك ئېغىر، لېكىن تېخى جېنى بار.

—دەرۋازا تاقاق، ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇنى پەنجىرىدىن تارتىۋالايلى. جۇميان، ئېلىپ، دەرھال سۇگەننى چۈشۈرۈڭلار، پەستىكىلەر! سىلەرمۇ ياردەم قىلىڭلار.

ئانتونى پەنجىرىدىن چۈشۈرۈلگەن سۇگەنگە سېلىندى. پەستىكىلەر ئۇنى كۆتۈردى، پەنجىرىدىن ئۇچى كۈچەپ يۇقىرىغا تارتتى. قولىدا



ھېچقانچە كۈچى بولمىغان ئۈچ ئايالنىڭ ئانتونىدەك بەستلىك، ئېغىر ئەركەكنى ئۈستىگە تارتىپ چىقىرىشى ئوڭاي دەمسىز!؟ لېكىن، باشقا كەلگەندە باتۇر ئىكەن، ئۇلار پۈتۈن كۈچىنى چىقاردى، ئاخىر ئۇنى پەنجىرىگە چىقىرىۋالدى. كلېئوپاترا بېشىدىن، كېنىزەكلەر تېنىدىن كۆتۈ-رۈپ ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىۋالدى.

— ئاھ، پادىشاھىم، سىز تېخى ھاياتمۇ؟ ياكى مەن ئۆلدۈممۇ؟ بىز ئۇ دۇنيادا كۆرۈشۈۋاتامدۇق يا! — قان ئىچىدە ھالسىراپ ياتقان ئانتونى كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ سورىدى.

— جېنىم ئانتونى، مېنى كەچۈرۈڭ، سىزنى مۇشۇ كۈنگە قويغان مەن. ھەرھالدا ئۆلگۈچە بولسىمۇ بىر كۆرۈشۈۋالدۇق. بۇمۇ غەنىمەت! ئەمدى سىزدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، ئوكتاۋى كەلسىمۇ، جان ئالىدىغان ئەزرائىل كەلسىمۇ، ئەمدى قورقمايمەن! — كلېئوپاترا سۆزلىگەچ، ئاق شايى كۆڭلىكىنى يىرتىپ ئانتونىنىڭ قانلىرىنى سۈرتتى.

— ئىچكۈدەك نەرسە بارمۇ، شاراب ... شاراب ... — ئانتونىنىڭ كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەنىدى. كلېئوپاترا شارابنى ئەكەلدۈرۈپ ئۇنىڭغا ئازراق ئىچكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ سەل راھەتلىنىپ يېنىك بىر تىنىدى، ئاندىن كلېئوپاترانىڭ چىرايىغا قاراپ بىر ھازادىن كېيىن:

— پادىشاھىم، مۇنداق گەپ، سىز ياشايمەن دېسىڭىز، ئوكتاۋىنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتۈڭ ... — دېدى. ئۇ بۇ گەپنى دەپ بولغۇچە دېمى كېسىلىپ بەك قىينالدى.

— ياق، بۇ گەپنى قويۇڭ. ئوكتاۋىنىڭ قولىدا خارلىنىپ ياشىغۇم يوق. جېنىم، بۇ گەپنى قويۇڭە! — ئېغىر قايغۇ - ھەسرەت تۈپەيلى پادىشاھنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ ئارانلا چىقتى.

— پادىشاھىم، بۇ ئازابلارنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، بۇرۇنقى كۆڭۈللۈك كۈنلەرنى ئويلاڭ. مەن مەردانە ياشىدىم. خاقانلارچە، باتۇرلارچە ياشىدىم، ئۆلسەممۇ باتۇرلاردەك ئۆلىمەن. جىق جەڭلەرنى قىلدىم، ئاخىرقى تىنىقىم-غىچە قىلدىم. ئاھ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىۋاتىدۇ، ئەمدى سۆزلە-

رىمىمۇ ... — ئانتونى سۆزلەۋېتىپ زۇۋاندىن قالدى ۋە تىنىقلىرى ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ ئاخىر دۇنيادىن كەتتى. بۇنى كۆرۈپ كلېئوپاترا يۈرىكى يېرىلغاندەك بولدى - دە، ھوشىنى يوقىتىپ ئانتونىنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى.

— پادىشاھىم، كۆزىڭىزنى ئاچسىڭىزچۇ!

— پادىشاھ ئالىيلىرى، پادىشاھ ئالىيلىرى!

جۇميان بىلەن ئىرلو ئىككىسى پادىشاھنى كۆتۈرۈپ بىر چەتكە ئالدى. بىر ھازادىن كېيىن كلېئوپاترا ھوشىغا كەلدى. ئۇ سەل ئەسلىگە كېلىپ بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلىدى - دە، بويۇن، باشلىرىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - ياقۇتلارنى زەردە بىلەن يۇلۇپ يەرگە تاشلىدى.

— جۇميان، ئىرلو، ئاڭلاپ قويۇڭلار، بۈگۈندىن ئېتىبارەن مەن پادىشاھ ئەمەس، شۇ تاپتا مەندىن سۇتچى خوتۇنلارنىڭ ئەھۋالىمۇ مىڭ ھەسسە ياخشى. مېنىڭ ياشىغۇچىلىكىم قالمىدى. سەردار ئانتونىنىڭ قۇياشتەك ئىللىق مېھرىگە چۆمۈلۈپ، ئۇنىڭ سايىسىدە مىسىرنى قۇدرەت تاپقۇزاي دېگەنىدىم، مانا ئەمدى ھەممىسى يوققا چىقتى. ئاھ بىچارە مىسىر! قانچە تېپىرلىساڭمۇ، ئاخىر تۈگىدىڭ!

## مۇنار ئىچىدىكى ئايال پادىشاھ

ئانتونىنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئوكتاۋىنىڭ ھوزۇرىغا يەتكۈزۈپ كېلىنگەندە، ئۇ يەردىكى بىر قىسىم سەركەردىلەرنىڭ بېشى يەرگە چۈشۈپ كەتتى، بەزىلەر ھەتتا ئاۋازىنى چىقىرىپ يىغلىۋەتتى. ئوكتاۋىمۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ:

—ئۇ كېيىن مېنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىم بولۇپ قالغان بولسىمۇ، مەن شۇنداق ئېيتالايمەنكى، ئۇ ئۇلۇغ زات. بۇ دۇنيادا ئىككىنچىلەپ ئۇنداق ئادەم كەلمەيدۇ. ئانتونى! بىز بۇرۇن بىر يولدا ماڭغان، يېقىن بۇرادەرچىلىكمۇ قىلىشقان، ھەتتا سەن ئاچامنىڭ مۇرەببەسىمۇ بولغان. ئەمدى ئۇ دۇنياغا كېتىپسەن، ساڭا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن، — دېدى —دە، بېشىنى ئېگىپ ئىچىدە بىر نېمىلەرنى ئوقۇدى، ئاندىن بۇ خەۋەرنى ئەكەلگەن نۆكەرگە قاراپ، — پادىشاھ ھېلىمۇ يېش ئىبادەت-خانىسىنىڭ قېشىدىكى مۇنارنىڭ ئىچىدە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى، — بېرىپ پادىشاھىڭغا ئېيتقىن، ئۇ خاتىرجەم بولسۇن، مەن پات ئارىدا ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتىمەن، ئۇ ھەرگىز ئۆزىدىن ئۈمىدسىزلەنمىسۇن ...

مىسىر نۆكىرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئوكتاۋى سەركەردىسى بروجولىيانى چاقىرتىپ مۇنداق دېدى:

—سەن بېرىپ ئايال پادىشاھنى يوقلاپ كەلگىن. ئۇنىڭغا ئوكتاۋى سىزنى ھەرگىز خارلىمايدىكەن دەپ قوي. گەپ قىلغاندا سۆزگە دىققەت قىل. ئۇ ناھايىتى غورۇرلۇق ئايال. بولمىسا، ئۇنى قولغا چۈشۈرەلمەي قالىمىز.

ئوكتاۋى ھېلىھەم كلېئوپاترانى رىمغا ئاپىرىپ سازايى قىلىش نىيىتىدە ئىدى. ئۇ يەنە بروجوياغا پادىشاھنى رىمغا بېرىشقا ئۈنۈتۈش توغرۇلۇق كۆرسەتمە بەردى.

بروجولىيا مۇنارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە دەرۋازا مەھكەم تاقاقلىق ئىدى. ئۇ دەرۋازىنى خېلى ئۇرۇپ باقسىمۇ ئىچىدىن ھېچقانداق سادا ئاڭلانمىدى. چۈنكى كلېئوپاترا ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەسلىك نىيىتىگە كەلگەچكە، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغانىدى.

—پادىشاھ كلېئوپاترا! پادىشاھ ئالىيلىرى! — بروجولىيا دەرۋازىنى ئاچقۇزالماي ۋارقىرىغىلى تۇردى، — مەن ئوكتاۋىنىڭ ئەلچىسى — بروجولىيا. بىر مۇھىم ئىش بىلەن كەلدىم. دەۋازىنى ئاچقۇزۇپ بەرسىڭىز!

كلېئوپاترا ئۇنىڭ تووۋلاشلىرىدىن ئاخىر زېرىكىپ:

—جۇميان، — دېدى كېنىزىكىگە، —پەنجىرىنى ئاچقىنا، ئۇ

ئەلچىنىڭ نېمە گېپى باركىن، مەشەدىلا ئاگلاپ باقاي.

جۇميان ئىتتىك بېرىپ دېرىزىنى ئاچتى. پادىشاھ بېشىنى پەنجىرىدىن چىقىرىپ تۆۋەنگە قاراپ ۋارقىرىدى:

ـــ هوي، سەن ئوكتاۋىنىڭ ئەلچىسىمۇ؟ بروجوليا پادىشاھنى كۆرۈپ چوڭ بىر تەزىم بەجا قىلغۇەتكەندىن كېيىن:

ـــ ھە، مەن ئوكتاۋىنىڭ پەرمانى بويىچە كەلدىم، ـــ دېدى.

ـــ مەن بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن زېرىكتىم. ھېچكىم بىلەنمۇ كۆرۈشكۈم يوق، شۇڭا دەۋازىنى ئاچمايمەن، گېپىڭ بولسا، مۇشۇ يەردە دېگىن.

بروجوليا پادىشاھنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ دەرۋازىنى ئېچىڭ دەپ تۇرۇۋېلىشقا پېتىنالمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئوكتاۋى دېگەن گەپلەرنى يەتكۈزمەي بولمايدۇ ـ دە، ئۇ ئاۋازىنى مۇلايىم چىقىرىپ سۆزلىدى:

ـــ بېشىڭىزغا ھەقىقەتەن چوڭ بەختسىزلىك كەپتۇ. ھاكىممىز سىزدىن ئەنسىرەپ، مېنى سىزگە تەسەللى ئېيتىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۆزىڭىزنى ھەرگىز خاپىلىققا قالدۇرۇپ قويماڭ، سالامەتلىك ئەۋزەل. ھاكىممىز ئادەمگەرچىلىكنى بىلىدۇ. ۋاقتىنچە سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرۇڭ. ئۇ بىر كۈنى چوقۇم مىسىرنى سىزنىڭ ئىدارە قىلىشىڭىزغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ!

ئىلتىپاتىڭلارغا رەھمەت. كاجلىقىمنى كەچۈرۈڭلار. ئەگەر راست شۇنداق سەممىيىتىڭلار بولسا، مېنى مۇشۇ مۇناردا ئارامىمدا قويساڭلار!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بروجوليا نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى. ئوكتاۋى ئۇنى بىر ئامال قىلىپ پادىشاھنى مۇناردىن چىقىپ رىمغا بېرىشنى ئۇنات، دەپ ئەۋەتكەن ـ دە!

ـــ شۇنداقتىمۇ مۇناردا تۇرۇۋەرسىڭىز، ئىچىڭىز سىقىلىپ كېتىدۇ. مۇناردىن ئۇنداق چىقماي تۇرۇۋالماي، ئانچە ـ مۇنچە تالا ـ تۈزگە چىقىڭ. ساپ ھاۋا يەنە شۇ ياخشى!

ـــ ياق، ئۇ ئىشلارغا ئەمدى كۆڭلۈم بارمايدۇ.

ـــ غەم ـ قايغۇدىن خالىس بولۇش ئۈچۈن، ئوكتاۋى بىلەن بىللە

رىمغا بېرىپ ئايلىنىپ كەلسىڭىز بولمامدۇ. كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ، مىجەزىڭىز خېلى تەڭشىلىپ قالاتتى.

— بولدى، بۇ گەپلەرنى قوي، بروجوليا ئەپەندى، قايتۇۋال، بابا دېگەنلىرىمنى ئوكتاۋىنغا يەتكۈزۈپ قويارسەن! — پادىشاھ سۆزىنى تۈگىتىپ دېرىزىنى چىك ئېتىپ قويدى. ئەمدى بروجولياغا گەپ قىلغۇدەك ئورۇن قالمىغانىدى.

— خوش ئەمسە، پادىشاھ! — دېدى - دە، بروجوليا بېشىنى ساڭگىلىتىپ كېتىپ قالدى. كېنىزەك ئېلو دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن ئۇنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇردى.

— كەتتىمۇ؟ — سورىدى پادىشاھ.

— ھەئە، كەتتى.

— بروجليانىڭ سۆزىدىن قارىغاندا، ئوكتاۋىنىڭ يەنىلا مېنى رىمغا ئاپىرىپ سازايى قىلىش ئىددىيىسىنىڭ بارلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىنى چۈشەندىم مەن! ئۇ سۆيىقەستچىدە ئانتونىنىڭ ئالىيجانابلىقىنىڭ ئوندىن بىرىمۇ يوق ئىكەن. ھەي ... ي، سەردار ئانتونىنىڭ قەدرى ئەجەب ئۆتتۈلۈۋاتىدۇ. ئانتونىسىز بۇ دۇنيادا ياشاپ قىينىلىپ يۈرگەنىنىڭ نېمە پايدىسى! — پادىشاھ ھەسرەتلەنگەن ھالدا سۆزلەۋېتىپ، ئۇلۇغ - كىچىك بىر تىنىۋەتتى.

شۇ چاغدا ماديان كەينىدىكى كىچىك دېرىزىدىن ئۈچەيلەنىنىڭ تامىقىنى سۇنۇپ بېرىپ ماگاي دەپ تۇرۇۋېدى، پادىشاھ:

— ماديان كەتمەي تۇرسۇن! دەپ جوميانغا بۇيرۇدى.

جوميان بىر پارچە مەكتۇپنى ماديانىڭ قولىغا بېرىپ:

— پادىشاھىمىزنىڭ بۇيرۇقى، بۇ مەكتۇپنى ئاپىرىپ مۇشۇ كىشىگە بېرىدىكەنسەن، — دېدى.

مەكتۇپنىڭ لىپاپىغا: «دوروشقا تېگىدۇ، شاھ كلېئوپاترادىن» دەپ يېزىلغانىدى. دوروش پادىشاھ كلېئوپاترانىڭ ئاقچى ئانىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، نىل دەرياسى بويىدا ئەنجۈرلۈكى بار باغۋەن ئىدى.

## ● ئەنجۇر سېۋىتى ●

ئايال پادىشاھ كلېئوپاترا مادىياندىن، ئوكتاۋى مىسىر ئوردىسىنى ئىگىلەپ بوپتۇ، ئەمدى ئايال پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ جەمەتىنى رىمغا ئەكىتىمەن، دەپ يۇرگۇدەك، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ كەچقۇرۇن بولغاندا ئىككى كېنىزىكىنى ئۆزى بىلەن بىللە مېڭىشقا چاقىردى. ئۇ يۇزىگە نېپىز چۈمبەردە تارتىۋالغانىدى، قولىدا يېش ئىبادەتخانىسىنىڭ بېغىدىن ئۈزۈۋال-غان گۈل بار ئىدى. ئۇ جۈميان بىلەن ئېلونى ئەگەشتۇرۇپ مۇناردىن چىققاندا مادىيان ئۇلارنى ساقلاپ تۇراتتى.

ئايدىڭ كېچىدە مىسىر تېخىمۇ سىرلىق ۋە گۈزەل كۆرۈنەتتى، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە دەرەخلەرنىڭ سايىلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

ــــقېنى، بۇ ياققا ئەكىلىڭلار، ـــ مادىياننىڭ گېپى بىلەن تەڭ بىر تەختىراۋان كەلتۇرۇلدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا ئولتۇردى.

نىل دەرياسىنىڭ بويىدا سۇنىڭ شارقىرىشىدىن بۆلەك ھېچنېمە ئاڭلانمايتتى. مادىيان بىلەن ئىككى كېنىزەك تەختىراۋاننىڭ كەينىدىن جىممىدە كېتىۋاتاتتى. ئۇلار نەگە بارىدىغاندۇ ـــ ھە؟

ئۇرۇش تۇپەيلى ئالېكساندىرىيە شەھىرىنىڭ يۇقرالىرى قاراڭغۇ چۈشكەن ھامان تالا ـ تۈزگە چىقمايدىغان بولۇۋالغانىدى. ئەتراپ جىم-جىت. كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى مىسىر ئوردىسىدا بەزمە قىلىۋاتقان رىم لەشكەرلىرىنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى بۇزۇپ تۇراتتى. دېڭىز قولتۇقى تەرەپتە لەشكىرىي كېمىلىرىدىن تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئاسمانغا ئېتىلىۋاتقان ئوتقاشلار كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى.

ئۇلار شەھەردىن چىقىپ باغ ـ ۋارانلاردىن ئۆتتى. بىر كىچىك تاغنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە، مادىيانىنىڭ ئىشارىتى بىلەن تەختىرا-ۋان توختىدى.

ــــسەردار ئانتونى دەپنە قىلىنغان جاي مۇشۇ.

مادىيانىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ پادىشاھ تەختىراۋاندىن چۈشتى ـ دە، ئىككى كېنىزەكنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن مادىيانىنىڭ كەينىدىن بىر تۆپىلىككە چىقتى. ئانتونى كۆمۈلگەن جايغا يوغان توپا يۆلەپ قويۇلغانىدى. يېڭىلا بىرى كېلىپ كەتكەن بولسا كېرەك، يەرلىكنىڭ ئالدىدا بىر ئىسرىقدانىدىن يېنىپ تۇراتتى. پادىشاھ نەم تۇپراققا تىزلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ــــ سەردار ئانتونى، مەن قەبرىڭىزنى يوقلاپ كەلدىم. بۇ مېنىڭ تۇنجى كېلىشىم ھەم ئاخىرقى نۆۋەت كېلىشىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەن سىزنىڭ ئايالىڭىز، شۇڭا پات پۇرسەتتە يېنىڭىزغا كېلىپ ھەمراھ بولۇپ تۇرىمەن. ئەزىزىم، ماڭا غەيرەت قىلىڭ. سىزدەك باتۇرنىڭ ئايالى ھەرگىز رىملىقلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ خەلقئالەم ئالدىدا شەرمسار بولۇپ يۈرمىسۇن!

پادىشاھ ئەكەلگەن گۈلنى ئانتونىنىڭ يەرلىكىگە قويۇۋېتىپ، ئۆزىنى پەقەت تۇتالماي ھۆڭگىرەپ يىغلىۋەتتى. ئىككى كېنىزەكمۇ چىدىماي كۆز يېشى قىلىشتى.

ــــ بولدى، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ــــ دېدى مادىيان تەسەللى ئېيتىپ، ــــ قايتايلى، كەچنىڭ سوغۇقى زىيان قىلىپ قالمىسۇن.

پادىشاھ كۆڭلى قىيمىغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى، كېتىۋېتىپمۇ يەنە پات ـ پات كەينىگە قاراپ قويدى. ئۇ تۆپىلىكتىن چۈشۈۋېتىپ پەستە بىرىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، كۆزىنى چەكچەيتىپ:

ــــ قايسىڭ سەن؟ ــــ دەپ ۋارقىرىدى.

ــــ مەن، پادىشاھىم، دورۇش! ــــ دېدى ئەر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، ــــ ھە، ئەجەب ئوبدان كەپسەن. مەن خېتىمدە دېگەن نەرسىنى تەييارلىدىڭمۇ؟

ــــ ھەئە، ــــ دېدى دورۇش بېشىنى لىڭشىتىپ، ــــ ماۋۇ ئەنجۈر سېۋىتىنىڭ ئىچىدە، ئابايا مۇنارغا ئاپارغاندىم، سىز يوق ئىكەنسىز، شۇڭا سىزنى مۇشۇ يەردە دەپ كېلىشىم. ھازىرلا بېرەمدىم، پادىشاھ ئالىيلىرى؟ ــــ ئۇ سېۋەتنى قولىغا ئېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــــ بىراق، بۇنى نېمە قىلىسىزكىن، ئالىيلىرى، ھېچ خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن.

پەرمانىڭىز بويىچە ئېلىپ كەلدىم، لېكىن بىرىنى ـ بىرىدىن ئايرىپ بىلەلمەيۋاـ
تىمەن.

ــــ مۇشۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ماڭا قىلىدىغان خىزمىتىڭ تۈگەيدۇ.

ئەنسىرىمە، دورۇش، سېۋەتنى ماڭا بەر! ــــ پادىشاھ سېۋەتنى ئېلىپ ئىچىنى ئېچىپ باقتى، ئىچىدە لىپمۇلىق ئەنجۈر بار ئىدى، ــــ خوش ئەمىسە، دورۇش، سالامەتلىكىڭنى ئاسرا!

پادىشاھ سۆزىنى تۈگىتىپ تەختىراۋانغا چىقتى، مۇنارغا قايتىپ كەلـ
گەندىن كېيىن كېنىزەكلىرىنى ئىسسىق سۇ تەييارلاشقا بۇيرىدى. خۇش پۇراق گۈللەر سېلىنغان ئىسسىق سۇدا راھەتلىنىپ يۇيۇنۇۋالغاندىن كېيىن بەدىنىنى خۇش بوي ماي بىلەن مايلىدى.

ــــ ئاھ، نېمىدېگەن راھەت! ئەمدى ئەڭ چىرايلىق كىيىممىنى ئەپچىقىڭلار، كىيىۋالاي.

ئايال پادىشاھ كېنىزەكلىرى ئەپچىققان ئېسىل لىباسنى كىيىپ گۈلـ
دەك ئېچىلىپ كەتتى.

ــــ پادىشاھىم، ئەمدى يېڭىۋاشتىن شاھانە تۈسكە كىردىڭىز.

ــــ ئەجەب چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭىز.

ئىككى كېنىزەك ئۇنىڭغا سۆيۈنگەن ھالدا سۆزلەپ كېتىشتى. پادىشاھ ئالتۇن كۈرسىغا ئولتۇردى ـ دە، بۇلۇڭدىكى ئەنجۈر سېۋىتىنى كۆرسىتىپ:

ــــ ئاۋۇنى ئەكىلىڭلار! ــــ دەپ بۇيرۇدى. ئېلىپ سېۋەتنى كۆتۈرۈپ كېلىپ پادىشاھنىڭ ئايىغىغا قويدى. پادىشاھ سېۋەتنى قولىغا ئېلىپ ئۈستىـ
دىكى ئەنجۈر يوپۇرماقلىرىنى ئېلىۋەتتى، ئاندىن ئەنجۈرلەرنى بىر چەتكە سۈردى، ئاستىدىن ئۇ تەلەپ قىلغان نەرسە ـ قىزىل چىكىم ـ چىكىملىك يەسىرىب يىلىنى كۆرۈندى.

پادىشاھ يېقىندىن بۇيان نۇرغۇن زەھەرلىك دورىلارنى يىغقان بولسىـ
مۇ، لېكىن قايسىسىنىڭ ئۆزىنى ئازابلىماي ئۆلتۈرەلەيدىغانلىقىنى بىلەلمىـ
گەندى. بۇ دورىلارنىڭ بەزىلىرى ئادەمنى تېز ئۆلتۈرەلىگىنى بىلەن، لېكىن جاننى بەك قاقشىتىۋېتەتتى؛ بەزىلىرى بەك ئازابلىمىغىنى بىلەن، لېكىن جاننى دەررۇلا ئالمايتتى. يېقىندا ئۇ يەسىرىب يىلىنىنىڭ بۇ جەھەتتە

ناھايىتى ياخشىلىقنى ئاڭلىغانىدى. بۇ خىل زەھەرلىك يىلان چاققان ھامان ئادەم ئاستا ـ ئاستا ھوشىنى يوقىتاتتى، يېنىك تەرلىگىنىچە، ئۇخلاۋاتقاندەك ئازابلانماي تۇرۇپ جان تەسلىم قىلاتتى.

ـــ كېلىڭلار، ئىككىڭلارنى سۆيۈپ خوشلىشۋالاي.

ئىككى كېنىزەك بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. پادىشاھ ئاۋۋال جومىيانىنىڭ پىشانىسىگە سۆيدى، ئاندىن ئېلونى چاقىردى. ئېلو پادىشاھنىڭ كىيىمىنىڭ پۈرلىشىپ قالغان يەرلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ، شاققىدە قىلىپ قولىنى سېۋەتنىڭ ئىچىگە تىقتى. راست ئۇ يىلان بەكلا زەھەرلىك ئىكەن، ئېلونى ھەش ـ پەش دېگۈچە تەييار قىلدى.

ـــ ئاھ، پادىشاھىم، مانا، ئالدىڭىزدا مەن كېتىۋالدىم، ـــ دېگىنىچە ئېلو يەرگە يىقىلدى.

ـــ ئېلو، سەن ... ـ پادىشاھ ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

دەل شۇ چاغدا ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق تاۋۇشلىرى، ئاندىن ئادەملەرنىڭ دەرۋازا قاققان، ۋارقىراشقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

ـــ ھاي، دەرۋازىنى ئېچىڭلار. بىز جانابىي ئوكتاۋىنىڭ پەرمانى بويىچە پادىشاھ ئالىيلىرىنى ئالغىلى كەلدۇق! پادىشاھ كلېئوپاترا، چىقىڭ، بىز سىزگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيمىز، ـــ بۇ قايسى بىر كۈنى كەلگەن بىروجولىيانىڭ ئاۋازى ئىدى، ـــ دەرۋازىنى چاپسان ئېچىڭلار، بولمىسا چېقىپ كىرىمىز!

بىر ئازدىن كېيىن دەرۋازىنى پالتا بىلەن ئۇرۇپ چېقىۋاتقاندەك ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

## ● ئايال پادىشاھنىڭ ئۆلۈمى ●

ئايال پادىشاھ دەۋازىنىڭ سۇندۇرۇلۇۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال

سېۋەتتىن يىلاننى ئېلىپ مەيدىسىگە قويۇپ بەردى. يىلان زەھەرلىك نەشترى بىلەن ئۇنى چاقتى پادىشاھ كۆزلىرىنى يۇمۇپ غۇژژىدە تەرلىگەنىچە سوزۇلۇپ يېتىپ قالدى.

—ئاھ نېمىدېگەن راھەت! ئەجەب تاتلىق ئۇيغۇ كېلىۋاتىدىغۇ، تەن خۇددى كۆپجۇپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇچۇۋاتقاندەك ... — ئۇ سۆزلەۋېتىپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى.

جۇميان پادىشاھقا قاراپ سۆزلىدى:

—ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى. ئۇ خاتىرجەم بولدى! ۋۇي تاجىسى سەل قىڭغىر بولۇپ قاپتۇ، تۈزەپ قوياي.

ئۇ پادىشاھنىڭ تاجىسىنى تۈزەپ بولۇپ، كۆلۈمسىرىگەن ھالدا قولىنى سېۋەتكە تىقتى - دە، يەنە بىر يىلاننى ئېلىپ مەيدىسىگە تەككۈزدى.

—ئاپلا، كېچىكىپتۇق!

دەرۋازىنى چىقىپ كىرگەن ئوكتاۋىنىڭ ئادەملىرى يەردە سوزۇلۇپ ياتقان پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ كېنىزىكىگە قاراپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

بىر نۆكەر ئارانلا نەپىسى قالغان جومياننى سىلكىگىلى تۇرۇۋېدى، جوميان:

—ۋۇي، نېمانداق قىلىسىلەر، بىزنى ئۇخلىغىلى قويساڭلارچۇ! — دېدى.

—ھەي، كۆزۈڭنى ئاچساڭچۇ! پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى مۇشۇنداق قىلامسەن، ئۇ قايسى ھالدا ياتىدۇ؟ — دەپ زەردە قىلدى ئۇ نۆكەر.

—ئۇ شەرەپلىك ئۆلدى. مەنمۇ بىللە كېتىۋاتىمەن. مىسىر پادىشاھىنىڭ مەھرىمى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ! — جوميان مۇشۇ سۆز بىلەن تەڭلا تىنىقتىن توختىدى.

ئوكتاۋىنىڭ ئادەملىرى ئايال پادىشاھ كلېئوپاترانىڭ جەسىتىگە ئېھتىرام بىلەن سالام بېرىپ، بىر پارچە زەر رەڭلىك رەختنى جەسەتنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويدى، ئاندىن ئىككى كېنىزەكنى پادىشاھنىڭ ئىككى تەرىپىگە ياتقۇزۇپ، ئەڭ ئاخىرقى كۆچە كۆيدۈرۈش رەسمىيىتىنى ئادا



قىلغاندىن كېيىن مۇناردىن چىقىپ كەتتى.

ئوكتاۋى بروجولىيادىن ئايال پادىشاھنىڭ ئۆلۈۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ بەك ئەپسۇسلاندى:

—يۈر، مەن ئۇنى كۆرەي، — دېدى ـ دە، بروجولىيا قاتارلىق بىرنەچچە ئادىمى بىلەن مۇنارغا ماڭدى.

ئۇلار مۇنارغا يېتىپ كەلگەندە تاڭ سەل يورۇغانىدى. بروجولىيا جەسەتكە يېپىلغان رەختنى ئېچىپ ئوكتاۋىغا پادىشاھنىڭ يۈزىنى كۆرسەتتى. ئوكتاۋى ئۇنىڭغا قاراپ:

—نېمىلا دېگەن بىلەن مىسىر پادىشاھى ـ دە، ئۇ! — دېدى، — نېمىدېگەن مەردانە ئۆلۈم! بۇ خېلى ـ خېلى ئەزىمەتنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈمى پادىشاھقا مۇناسىپ قائىدە ـ يوسۇن بىلەن ئۇزىتىلسۇن. جەسىتى ئانتونى بىلەن بىر يەرگە قويۇلسۇن. ئىككى كېنىزەكنىمۇ ئۇلارغا يېقىن يەرگە قويۇڭلار! ھە، راست دەرھال بىر رەسسام چاقىرىڭلار!

ياساۋۇللار بۇيرۇق بويىچە رەسسامنى چاقىرىپ كەلدى.

—ھە، سەن رەسساممۇ؟ سېنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، ماڭا ئايال پادىشاھنىڭ ھايات چېغىدىكى رەسىمىدىن بىرنى سىزىپ بەرگىن. ئاندىن يەسىرىبە يىلىنىنىڭ ئايال پادىشاھنىڭ قولىغا يۆمىشىپ تۇرغان كۆرۈنۈشىنىمۇ سىزىپ بەر. پادىشاھنى رىمغا تىرىك ئاپىرالمىدىم، مۇشۇ رەسىمنى بولسىمۇ ئاپىرىپ خەلقئالەمگە كۆرسىتەي.

رەسسام پەرمان بويىچە ئايال پادىشاھنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىقتى. سۈرەت شۇنچىلىك كېلىشتۈرۈپ سىزىلغانىدىكى ئايال پادىشاھنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى قىياپىتىدىن قىلچە پەرقسىز ئىدى، بىر قارىسىڭىز خۇددى ھېلىلا سۆزلىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي ئوكتاۋى قوشۇنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ رىمغا قايتىپ كەلدى ۋە تېز ئارىدىلا ھاياتىدىكى ئەڭ زور ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ رىمنىڭ تۇنجى پادىشاھى بولدى. قەيسەرنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇدرىتىنى پۈتۈن دۇنيادا جارى

قىلدۇردى. تارىختا «ئاۋغۇست» دەپ نام ئالغان پادىشاھ دەل شۇ ئوكتاۋىنى كۆرسىتىدۇ.

ئايال پادىشاھ كلېئوپاترا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇزۇن يىللىق تارىختا ئىگە مىسىر خارابىلىشىپ خېلى ئۇزۇن زامانلارغىچە يات ئەللەرگە بېقىندى بولۇپ قالدى، خەلقىنىڭ تۇرمۇشى نامراتلاشتى، دۆلەت ئىشلىرى ئىزىدىن چىقتى.

ئايال پادىشاھ كلېئوپاترا ئۆلگەن چاغدا ئوتتۇز توققۇز ياشتا، ئانتونى ئۆلگەندە ئەللىك ئۈچ ياشتا ئىدى. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن ھاسسا تاياق تايانغان بىر ئەر كىشى ھەركۈنى ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ تۇردى. بۇ بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا چاچلىرى ئۇچتەك ئاقىرىپ كەتكەن مادىيان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇنقى خۇشاللىق ياكى قايغۇلۇق كۈنلەر بولسۇن، ھەممىسىلا چۈشتەك بىلىنەتتى. ھەتتا سەلتەنەتلىك ئوردا تۇرمۇشىنىمۇ خىيال قىلغۇسى كەلمەيتتى.

— ئاھ، بۇ دۇنيادا يالغۇز مەنلا قالدىم، نېمىدېگەن زېرىكەرلىك كۈنلەر ـ ھە!

مادىيا بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ قەبرىستانلىقتىن چۈشكەندە ئالدىغا ئاق چاچلىق بىر بوۋاي ئۇچرىدى.

— ھوي، سەن مادىيانغۇ؟

— ئۆزۈڭ كىم؟

— مەن مۇنەججىم ئارابا، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

مادىيان «ئارابا» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ ئۇنى ئېسىگە ئالدى.

— ھە سىنى مىسىردىن ئايرىلىپ يىراق بىر ئەللەرگە كەتتى دەۋاتاتتىمغۇ؟

— ھە، تېخى تۈنۈگۈن قايتىپ كەلدىم. كەلسەم جاھان پۈتۈنلەي ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىپتۇ. بەك ھەيران قالدى، ئايال پادىشاھ- مىزمۇ يەرلىكىدە يېتىپتۇ، ئانتونىنىڭ ئامەتلىك تەقدىرىمۇ زاۋال تېپىپتۇ! باتۇرلۇق جەھەتتە ئوكتاۋى ئانتونىغا ھەرگىز يېتەلمەيتتى، لېكىن كۈشەندە دېگەن يامان. ئوكتاۋى ئۇنىڭ كۈشەندىسى ئىدى، ھاياتلىقنىڭ ئەڭ

ئاخىرقى تاۋكاسىدا ئانتونى ئۇنىڭغا ئۇتتۇرۇۋەتتى. مانا ئۇ كىشى ئەمدى تۇپرىقىدا ئىكەن ئۇ ئەمدى مېنىڭ پال ئىچىشىمغا ئەمەس، دۇئايىمغا موھتاج! مەن ئۇنىڭ تۇپرىقىنى كۆز ياشلىرىم بىلەن سۇغىرىش ئۈچۈن كەلدىم!

—يۇر، ئەمىسە مەن سېنى باشلاپ چىقاي!

مادىيان يەنە كەينىگە قايتىپ ئۇنى يەرلىككە باشلاپ چىقتى.

—كېنىزەك جومىيان، ئىلو ھەم ئانتونىنىڭ خىزمەتكارى يىلۇمۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىندى، — دېدى مادىيان ئارابانغا.

—سەردار ئانتونى بىلەن پادىشاھ كلېئوپاترا بۇ يەردىمۇ خىزمەتكارسىز قالماپتۇ - دە؟ — دېگىنىچە، ئارابا ئۇزاق - ئۇزاقلارغا ئېقىپ كېتىۋاتقان نىل دەرياسىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. بۇ چاغدا سەل گۈگۈم چۈشكەنىدى. بىر توپ ئاققۇتان نىل دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا قاراپ پەس ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئىككىسى قول ئىلىشىپ خوشلىشىۋاتقاندا ئارابا مادىياندىن سورىدى:

—ھازىر نەگە قايتىسەن؟

—تۇرۇۋاتقان ئۆيۈم بۇ يەرگە يېقىن. ئايال پادىشاھىمىزنىڭ ئاقچى ئانىسىنىڭ ئەنجۇر تېرىيدىغان بىر ئوغلى بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇۋا-تىمەن. يۇر، بىر كېچە قونۇپ كەتكىن!

—ياق، مەن ماڭاي، يەنە يولغا چىقمىسام بولمايدۇ.

—يولغا؟ يەنە نەگە بارىسەن؟

—يەھۇدىيلار دۆلىتىگە بۇ ئەنىسىز دۇنياغا نىجاتلىق ئاتا قىلغۇچى پات پۇرسەتتە پادىشاھ ھېرودنىڭ مەملىكىتىدە دۇنياغا كېلىدىغان بولدى. ئۇ بۈيۈك زاتنى بىر كۆرۈۋالاي دەيمەن، — ئارابا سۆزلەۋېتىپ شەرق ئاسمىنىدا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا تىكىلدى.

ئارابانىڭ ھۆكۈمى توغرا چىقتى. يىگىرمە نەچچە يىلدىن كېيىن

پادىشاھ ھېرود ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەھۇدىيلار دۆلىتىدە ئەيسا ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلدى. لېكىن، ئارابا ئۇ نىجادكارنى كۆرەلىدىمۇ يوق، بۇ بىر سىر ئىدى.

مادىيان ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان جاھان كېزەرلىك قىلىپ يۈرگەن مۇنەججىم ئارابانى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئانتونى بىلەن پادىشاھ كلېئوپاترانىڭ قەبرىسىگە ھۆرمەت بىلەن بىر قارىۋېتىپ، يەككە ـ يېگانە ھالدا يولىغا ماڭدى.

# ياشلار-ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

## تاللانغان دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى

تۇرمۇش رىتىمىمىز تېزلىشىپ، ۋاقىت ۋە ئىقتىساد قارشىمىزدا جىددىي ئۆزگۈرۈش بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھەجمى بىرقەدەر چوڭ دۇنياۋى نادىر ئەسەرلەرنى كۆرۈپ بولالىشىمىز ناتايىن. شۇڭا بۇ ئەسەرلەرنىڭ قىسقارتىلمىسىنى بۇ يىلدىن باشلاپ تۈركۈمگە بۆلۈپ نەشر قىلماقچىمىز. بىرىنچى تۈركۈمدە نەشر قىلىدىغان كىتابلار تۆۋەندىكىچە:

## ساھىبجامال مىسىر شاھى

مىسىرنىڭ ئايال پادىشاھى دۆلىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن رىم سەردارى ئانتونى بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئانتونى بىلەن بولغان زومىگەرلىك تالىشىش ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۇۋالىدۇ. ئايال پادىشاھ نومۇستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنى زەھەرلىك ئىلانغا چاقتۇرۇپ ئۆلۈۋالىدۇ.

## ئۇرۇش ۋە تىنچلىق

موسكۋادىن تارتىپ سان ـ پېتىر بورگقىچە بولغان بىپايان، گۈزەل روسىيە مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىسىز. بۇ يەرنىڭ ئىناق قىز ـ ئوغۇللىرى بىر مەيدان توپ ئوقلىرى ئىچىدە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزگەن؟ ناپالېئون بۇ زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلالامدۇ يوق؟

## كاپىتاننىڭ قىزى

دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى تازا چۈشەنمەيدىغان بىرياش، دادىسىنىڭ بۇي-رۇقىغا بويسۇنۇپ، يىراقتىكى كىچىك قورغانغا بېرىپ، قاتتىق ھەربىي مەشىقنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئويلىمىغان يەردىن يۈز بەرگەن بىر مەيدان ئىچكى ئۇرۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، قان ۋە ئوت بىلەن يۇيۇلغان سوۋغىغا، يەنى ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشىدۇ.

## مىڭ بىر كېچە

غەزەبلەنگەن پادىشاھ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ساھىبجاماللارنى يىغىشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئەقىللىق شەھرىزاد مىڭ بىر كېچە ھېكايە سۆزلەپ، بۇ بىر مەيدان پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سىز دۇنيادىكى ئەڭ سىرلىق، ئەڭ قىزىقارلىق، بۇ ھېكايىنى ئاڭلاشنى خالامسىز.

## تام سويېرنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىسى

شوخ، زېرەك تام ۋە ياۋايى بالا شاك بىرلىكتە ئادەمنىڭ ئۈچىيى ئۈزۈلگىدەك قالتىس ئىشلارنى قىلىشىدۇ. مارك تېۋىننىڭ ئويناق قەلىمى ئاستىدا، بۇ بالىلارنىڭ شوخلۇقى ئىنتايىن ھەقىقىي تەسۋىرلەنگەن.

## سەرگەردان بالا

ئۆزىنىڭ تاشلىۋېتىلگەن بوۋاق ئىكەنلىكىنى تۇيۇقسىز بىلىپ قالغان لومى، بېقىۋالغان دادىسى تەرىپىدىن بىر سەرگەردان سەنئەتكارغا سېتىۋې-

قىلىدۇ. ھەممە يەردىكى سەركەردانلىق ھاياتىدا ئۇ دائىم بىر كۈنى ئۆز ئانىسىنى ئىپپۇپلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق، ئۆزگىرىشچان دۇنيا، ئۇنى ئارقا - ئارقىدىن ئۇمىدسىزلىكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا ئىتتىرىۋېتىدۇ.

## پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋسى

پەرىنسىدەك گۈزەل، ئوماق بىر قىز بوۋاق، نىمە ئۈچۈن سەت، غەلىتە ئوغۇل بوۋاققا ئايلىنىپ قالىدۇ؟ ئازابلانغان ئانا بۇ پاجىئەلىك تەقدىرگە قانداقمۇ چىدىيالىسۇن؟ ئون نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ غەلىتە سەت، دوك بالا چوڭ بولىدۇ. ئۇ ئەتراپىنىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟

## پاجىئەلىك دۇنيا

19 ئەسىرلىك جارا مۇددىتىدە تۇرىۋاتقان ئېغىر جىنايەتچى، نىمە ئۈچۈن ھەش - پەش دېگۈچە جىنايەت بىلەن تولغان روھىنى پاكىز يۇيۇپ، قايتىدىن يورۇقلۇققا چىقىدۇ؟ قانداق قىلىپ بىر بىچارە قىزچاق ئۈچۈن ساقچىلارنىڭ قوغلاپ تۇتۇشلىرىدىن قېچىپ، بەنە ئۇرۇش ئوتىغا كىرىپ قېلىپ، ئاخىرى قىزچاقنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختىنى ئىزدەپ تاپىدۇ؟

## ئۈچ قىلىچۋاز

فرانسىيەنىڭ خانىشى ئانا ئەنگلىيە - فرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى تومۇتۇشنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئالماس زەنجىرىنى ئەنگلىيە باش ۋەزىرىگە سوۋغا قىلىدۇ. بىراق، بۇ ئىش ئويلىمىغان يەردىن ئۆزگىچە ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ. ئون يەتتە ياشلىق دايتىننىڭ قانداق قىلىپ ئۈچ قىلىچۋاز بىلەن ھەمكارلىشىپ ئالماسنى ساق - سالامەت قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىگە قاراڭ؟

## ئانىنىڭ كۆڭلىنىڭ خاتىرىسى

ئانىنى قۇياشقا يېقىپ ئېچىلغان بىر تال غۇنچە بولسا، شۇ غۇنچىنى سۇندۇرغان ئىبلىس — گىتلېر. قەيسەر ئانىنى شۇ ئىبلىسنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ كېتەلەمدۇ؟ ھەممە جايىنى تېرورلۇق قاپلىغان گېرمانىيىدە ئۇنىڭ ئائىلىسى، دوستلىرى ۋە بارلىق يەھۇدىيلەرنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟

## شاھزادىنىڭ قىساس ئېلىشى

دانىيە شاھى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالىدۇ. ئەسلىدە ئۇنى ئىنىسى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن ئىكەن. شاھزادە ھاملىت قانداق قىلىپ دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ نازارىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؟ قانداق قىلىپ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ؟ ئۇ يەنە قىساس ئېلىش جەريانىدا، قانداق قىلىپ تۇرمۇشتا ئەسلىدە بولۇشقا تېگىشلىك خۇشاللىق ۋە ھاياتتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ؟

## سۇلايمان شاھنىڭ خەزىنىسى

دادىسى ئۇچۇن قىساس ئالماقچى بولغان بىر شاھزادە بىلەن ئىنىسىنى ئىزدەۋاتقان بىر كىنەز بۇنىڭدىن ئۈچ يۈز يىل بۇرۇن قان بىلەن سىزىلغان خەرىتە ۋە ئوۋچى سىكىدانىڭ ياردىمى ھەم ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسى ۋە ئەقىل پاراستى بىلەن ئادەمزاتسىز باياۋاندىن ئۆتۈپ، قورقۇنچلۇق دەججالنى يېڭىپ ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇرات - مەقسىتىگە يېتىدۇ.

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMjkwMjguemlw",
"filename_decoded": "40329028.zip",
"filesize": 37644240,
"md5": "6984e00a33047b439058cfd2020e1e66",
"header_md5": "fa29fd29aef22cd6866ed16444335fca",
"sha1": "1d226bf5280a2a43e1551952c7ea01876c108ea8",
"sha256": "d196f8a78d6664d8a617e3d6b514c1cf4615ca435696b76c653c267c0f64ba58",
"crc32": 1967003360,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 40101875,
"pdg_dir_name": "\u2591\u00fa\u2557\u00b0\u2564\u2590\u2551\u2264
\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40329028",
"pdg_main_pages_found": 189,
"pdg_main_pages_max": 189,
"total_pages": 200,
"total_pixels": 753378032,
"pdf_generation_missing_pages": false
}